# قۇرئاندىكى ئەقىدە ئاساسلىرى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

ھىدايەت نەشرىياتى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
قۇرئاندىكى ئەقىدە ئاساسلىرى
ھىدايەت نەشرىياتى

www.azheri.com

# قۇرئاندىكى ئەقىدە ئاساسلىرى

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

# أصول العقيدة فى القرآن الكريم

عبدالرحمن جمال الكاشغري

# مۇقەددىمە

بسم الله الرحمن الرحيم

ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بولغان ئاللاھ بارلىق كامالەت سۈپەتلىرىگە ئىگىدۇر ۋە ھەر قانداق ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر. ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت، ھىدايەت ۋە ئادالەت بولۇپ كەلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسىدۇر... مەقسەتكە كەلسەك:

ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى دىنىنىڭ بىرىنچى پرىنسىپلىرىنى تەمسىل قىلىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ خاراكتېرى، ئەقىل ۋە نەقىلدىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەقىدىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشتە خۇلاسىلىنىدۇ. ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى شۇنداق روشەن كەلگەن بولۇپ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارنىڭ ئاساسي ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھقا ئىشىنىش بىرىنچى بولۇپ ئەخلاق مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ، ياراتقۇچىنى ئېتىراپ قىلىش توغرا يۆلىنىش ۋە ئەخلاقنىڭ

جۇملىسىدىن سانىلىدۇ، ئىنكار قىلىش چوڭچىلىق ۋە تەرسالىقنى كۆرسىتىدۇ. ياراتقۇچى ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىش ئىنساننىڭ ھۆرمىتى، ئابرويىنى ئىسپاتلايدۇ، ئىززەت-شەرەپ ۋە بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى تونۇش ئىنسان ئىستىلىنى تۈزەش ۋە يۈزلەندۈرۈشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى سانىلىدۇ، چۈنكى شەرىئەت ئەقىدىدىن تارماقلىنىدۇ، ئىستىلمۇ ئەقىدىدىن تارماقلىنىدۇ. دېمەك، ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى ئۆزگەرمەس پرىنسىپلاردىن ئىبارەت، ئىسلامنىڭ ئەقىدىسى قۇرۇق پەلسەپىۋى نەزەرىيە ئەمەس، ئەمەلىي ھايات مېتودىدىن ئىبارەت. ئەقىدە تەپەككۇرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ چوڭقۇر ئاساسىدۇر. ئەقىدە مەۋجۇدىيەتتىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ مەسىلىسى ۋە بۇ كائىناتتا مەۋجۇت بولۇشنىڭ سىرىدۇر. ئەقىدە ئىنسان ھاياتى ۋە ئىستىلغا تەسىر بېرەلمەيدىغان نەزەرىيە ۋە پايدىسىز جېدەل-ماجرا بولۇپ قالسا ئۈنۈمسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىسلامدىكى تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنساننى ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق بىر نەرسىگە قۇللۇق قىلىشتىن ئازاد قىلىدىغان ئىنقىلابتىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئۇ ئىنساننى خۇراپات، زۇلۇم، ئاچكۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن ئازاد قىلىدۇ... ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئەقىدە ئاساسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىك ۋە مەدەنىيەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئان مېتودى ئېنىق غايە ئۈچۈن كەلگەن:«ئى مۇھەممەد، بىز سېنى قۇرئان شەرىئىتى ۋە كۆرسەتمىسى بىلەن پۈتۈن جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق»(ئەنبىيا سۈرىسى، 107 ـ ئايەت). قۇرئان كەرىم مۇشۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مېتودىنى يولغا قويغان. بۇ مېتود ئەقىدە بىلەن باشلىنىدۇ، ئەقىدە مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا كېتەرلىك بولغان تەسەۋۋۇرلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

قۇرئان كەرىم كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا قارىتا ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئەقىدە ئاساسلىرىنى تۇرغۇزغان ۋە بۇ ھەقتە كەڭرى توختالغان. قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان روشەن ئەقىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇدىيەتكە قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەسەۋۋۇرنى

شەكىللەندۈرگەن. شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ روھى، ئەقلى ۋە جىسمى ھاياتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى غايىسى تەۋھىد ئەقىدىسىدىن ئىبارەت. قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ئەقىدە شۇنداق روشەن، جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەت مەيدانىدا مۇھتاج بولىدىغان ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قەلبىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان ۋە ھىممەتنى روھلاندۇرالايدىغان ساغلام، ئېنىق، مۇكەممەل، رېئاللىققا ئۇيغۇن ۋە تەسىر بېرەلەيدىغان تەۋھىد ئەقىدىسىنى قۇرۇپ چىقىشتا بىرىنچى بولۇپ قۇرئان كەرىمگە تايىنىش لازىم. قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تايانغان ئەقىدە ئاساسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يۆلىنىشى، كۆز قاراشلىرى ۋە ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ. قۇرئان ئەقىدىسى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىخەتەرلىك ئېغىزىدۇر.

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بىرىنچى ئاساسى بولغان قۇرئان كەرىمنى قوبۇل قىلىش قۇرئاندا كەلگەن

مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن قۇرئاننى قوبۇل قىلىش ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلغانلىقى، شۇنداقلا ئىنسان ۋە كائىناتنى ياراتقۇچى زاتنىڭ بارلىق كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكى ۋە ئەيىب-نۇقساندىن خالى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ باغلىنىشى ئەقىدىنىڭ ئارتۇقچىلىقى.چۈنكى ئەقىدە بىر بۆلەك پرىنسىپ، قىممەت-قاراش ۋە ھۆكۈملىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان تەسەۋۋۇر قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى «ئىمان» دېگەن سۆز بىلەن بايان قىلىنغان. ئىسلام ئاتالغۇسىدا "ئىمان، تەۋھىد ۋە ئەقىدە" دېگەن ئاتالغۇلار ئورتاق مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

(1)

## ئەقىدە ۋە ئىزباسارلىق

ئاللاھ ئىنساننى يارىتىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىزباسار بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك غايە ئۈچۈن زېمىنغا چۈشۈردى. زېمىنغا ئىزباسارلىق قىلىش ھاياتتىكى ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى، ئىنساننىڭ بۇ ۋەزىپىسىگە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىجرا قىلىش مىقدارىغا قاراپ باھا بېرىلىدۇ. ئىنسان مەۋجۇتلۇقتىكى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا ئۇنۇم قازانغان ياخشى ئىنساندۇر، ئەگەر غايىسىدىن يىراقلىشىپ كەتسە مەغلۇب بولغان ئىنساندۇر:«ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزۈڭلارنى بىكار ياراتتى(يەنى سىلەرنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزۈڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ

ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»(مۆمىنۇن سۈرىسى، 115-116-ئايەتلەر).

ئىنسان ئۆزىگە سادىق بولسا، ئۆز ئۆزىدىن: مېنى كىم ياراتتى؟ نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ نەتىجە نېمىدىن ئىبارەت؟ دېگەن سوئالنى سورىشى كېرەك. ھاياتلىقتا ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاب ئېنىق روشەن بولىشى كېرەك.

ئىسلام دىنى بۇ سوئالنىڭ ھەر بىرىگە تەپسىلى روشەن جاۋاب بەرگەن. مەسىلەن، ئاللاھ ياراتقۇچى زات، ئۇ بىزنى زېمىندا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىزباسارلىق قىلىشتىن ئىبارەت چوڭ غايە ئۈچۈن ياراتتى. ئىزباسارلىق پەقەت ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ:«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»(زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت).ئىبادەت قىلىش ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا يارىتىلىشىدىكى ئاساسلىق غايىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسىمۇ ئىنسانلارغا ئاللاھنى تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش

ئەدىيىسىنى سىڭدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىبادەت دېگەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە كۆرسەتمىسىگە تولۇق بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر.ئۇ ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ ھاياتنى ئىسلاھ قىلىشقا يۈزلىنىش دېمەكتۇر. ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلماي تۇرۇپ زېمىننى تۈغرا يوسۇندا گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ.

ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى بىلمەي تۇرۇپ ئاللاھنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلىپ قويۇش خىزمەت مەيدانىدا ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرلەر ياراتقۇچى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن زېمىندا ئەمەلىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئارىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان ۋاسىتىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ.

بۇ دۇنيادا جاپا تارتىپ ئەمەل قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىتائەت قىلغان مۆمىنلەرگە ئەبەدىي نېمەت، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنمىغان كاپىرلارغا دوزاخ ئازابى بولىدۇ. ئىنسان جاپا تارتىش ۋە بەدەل تۆلەشنىڭ ئارقىسىدا ماددى ياكى مەنىۋى نەتىجە بولمىسا جاپا

تارتمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ نېمەتلىرى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە بەخت-سائادەتنىڭ ئەبەدىيلىكىنى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەگەر ئىنسان خاتا يولغا كىرىپ، مۇشۇ دۇنيانىڭ ماددى مەنپەئەتىنى تاللىغان بولسا، قۇرئان كەرىم بۇ ئىنساننىڭ نەزىرىنى دوزاخ ئازابى ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىغا دىققىتىنى قاراتماقتا.

مانا بۇ جاۋابلارنى "ئەقىدە" دەپ ئاتايمىز. "ئىسلام ئەقىدىسى"دېسەك ئىسلامنىڭ بۇ سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى دېگەن بولىدۇ. ئەقىدە ئىسلامنىڭ ئاساسي تېمىسىدۇر. ئەقىدىنىڭ مەقسىتى ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش، ئىستىلنى تۈزىتىش، زېمىننى ۋە هاياتنى بىلىم-مەرىپەت ۋە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتۇر.

(2)

## ئەقىدىنىڭ تەسىرى

ئەقىدىنىڭ ئىنسان ھاياتى ۋە ئىستىلىدا شەكسىز تەسىرى بولىدۇ. ئەقىدىدە بۇزۇلۇپ كېتىپ قالسا تەسىرى ئىنساننىڭ ئەمەلىي ۋە ئەخلاقى ھاياتىدا ئېنىق كۆرۈلىدۇ، نەتىجىدە جەمئىيەت ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئەقىدە ئۇقۇمىدا ئىنسانلارنى مۆمىنلەر ۋە كاپىرلار (غەيرى مۇسۇلمانلار) دەپ ئايرىم ئىككى دائىرىگە بۆلىدى. مۆمىنلەر ئاللاھغا، پەيغەمبەرلەرگە، كىتابلارغا، پەرىشتىلەرگە، تەقدىرگە ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاساسىدا ئۇچرىشىدۇ. كاپىرلار مۆمىنلەر بىلەن مۇشۇ ئاساسلارنىڭ بىرەسىدە ياكى ھەممىسىدە باشقىچە كۆز قاراشتا بولىدۇ.

ئەقىدىنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇسۇلمانلار چىن قەلبىدىن بولغان سەمىمىي مۇھەببەتنى ۋە كۆيۈنۈشنى مۆمىنلەرگە تەقدىم قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىسلامنىڭ

ئۆزگەرمەس ئەقىدە ئاساسلىرىنىڭ بىرسىدۇر، بۇ پرىنسىپ ئىسلام ئەقىدىسىدە "مۇھەببەت ۋە نەپرەت" دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئالاقە ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، ئىنسانىي قېرىنداشلىق ئالاقىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۆمىنلەر ئارىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق ئالاقىسى باشقا دىندىكىلەر بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئالاقىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ھەقنى ناھەقتىن ۋە توغرا پوزىتسىيىنى ناتوغرا پوزىتسىيىدىن ئېنىق بىلىش ئۈچۈن پەرقلىنىپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. باشقىلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈن توقۇنۇشۇش پەيدا قىلىش ياكى زۇلۇم قىلىش ئىسلامنىڭ يولى ئەمەس. زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز قىلمىغان بولسا ھەمكارلىشىش ۋە چىقىشىپ ياشاش ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشقان بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانىي ئورتاقچىلىق نەزىرىيىسى ۋە كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا چىقىشىپ ياشىسا بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم تۆۋەندىكى ئايەتتە كاپىرلارنى ئىككى تۈرگە بۆلگەن، بارلىق كاپىرلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىغان. بىرىنچى تۈردىكى كاپىرلار بىلەن چىقىشىپ ياشاشقا ئۈندىگەن. قۇرئاننىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارغا قارىتا بەلگىلىگەن خەلقئارا سىياسىتىنى بۇ ئىككى ئايەتتىن ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز:«(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.

ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى، 8-9-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى كۇپۇرلۇقى ۋە ئازغۇنلىقىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ

ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلىگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارغا قارىتا مەجبۇرىيىتى كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئىچ ئاغرىتىشتۇر:«ئى قەۋمىم! سىلەرنىڭ ماڭا قارشى تۇرغانلىقىڭلار سىلەرنى نۇھنىڭ قوۋمى ياكى ھۇدنىڭ قەۋمى ۋە ياكى سالىھنىڭ قەۋمى دۇچار بولغان ئازابقا دۇچار قىلمىسۇن. لۇت قەۋمى(نىڭ دىيارى) سىلەر(نىڭ جايىڭلار)دىن يىراق ئەمەس» (ھۇد، 89-ئايەت).

ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ يولى قانائەتلىنىش ۋە تەستىقلاش بولغانلىقى ئۈچۈن مەجبۇرلاش ئىماننىڭ يولى ئەمەس:«دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ، توغرا يول بىلەن خاتا يول ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىلدى» (بەقەر سۈرىسى، 256-ئايەت). ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ يولى دەۋەت قىلىش، سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، پاكىت كۆرسىتىش ۋە بايان قىلىپ بېرىش ئاساسىدا بولىدۇ.

ئۇرۇش قىلىش باشقىلارنى دىنغا كىرگۈزۈشنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن يوللۇق يولى ئەمەس. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، خەتەردىن قوغداش ۋە دەۋەت قىلىش

ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دەۋەت قىلىش يولىدىكى توسـالغۇلارنى ئېلىـپ تاشلاشـنىڭ ئەڭ ئـاخىرقى چارىسىدىن ئىبارەت.

(3)

## قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئالاھىدىلىكى

1.قۇرئان ئېلىپ كەلگەن ئەقىدە ئەمەلىي ئەقىدە:

قۇرئـان كەرىـم ئىنسـانىنىڭ ئەقلـى، روھـى، پىسخىكىسـى ۋە تەكلىـپ قىلىنغـان ۋەزىـپىگە قارىتـا ئىمكـانىيىتى ۋە ئىقتىـدارىغا ئۇيغـۇن ئەقىـدە ئېلىـپ كەلـگەن. شـۇنىڭ ئۈچـۈن قۇرئانـدا كەلـگەن ئەقىـدە مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانىنى ئاللاھ بەلگىلىگەن غايىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. قۇرئـان كەرىم ئەمەلىـي مەيدانـدىن يىـراق سـۆزلىمەيدۇ. بەزى غەيبـى (مېتافىزىكا) مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەن بولسىمۇ ياخشـى ئەمەل ۋە گـۈزەل ئىسـتىل ئىشلەپچىقىرالايدىغان مىقداردا توختالغـان. غەيبـى ئىشـلار توغرىسـىدا قـۇرۇق پەلسـەپە نەزەرىيىسـى شـەكلىدە توختالمىغـان. مەسـىلەن،

ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئىسىم سۈپەتلىرىگە قارىساق ئىنساننىڭ ئىستىلىدا ئەمەلىي تەسىرى بار. پەيغەمبەرلەرنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرى توغرىلىق سۆزلىگەن. ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى سۆزلىگەندە ھەقىقەت يولىدىكى كۈرەشلىرى، سەۋرچانلىقى ۋە كۈرەشنىڭ نەتىجىلىرىنى تەڭ سۆزلەپ بەرگەن. قىيامەت كۈنى، پەرىشتىلەر ۋە جىنلار توغرىسىدا سۆزلىگەن بولسا ئىنسانغا پايدىلىق بولغان ۋە ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يوسۇندا سۆزلىگەن. قىيامەت كۈنى توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىزىقتۇرۇش، قورقۇتۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان.

## 2.قۇرئان ئەقىدىسى ھەممە ئىنسانلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان دۇنياۋى ئەقىدە:

ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ كەلگەن دىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىدىسى دۇنياۋى ئەقىدىدۇر. ئىسلام ئەقىدىسى كائىنات، ھايات، ئىنسان ۋە ياراتقۇچى ئاللاھ ئارىسىدىكى ئالاقىگە قارىتا تولۇق تەسەۋۋۇر قويۇپ بەرگەن. شۇنداقلا ئىسلام ئەقىدىسى

ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە تەسەۋۋۇر ئاساسلىرىنى يولغا قويغان.

قۇرئان «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى(ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»دەيدۇ(فۇرقان سۈرىسى،1-ئايەت). قۇرئان ئەقىدىسىنىڭ ئىدىيە ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن تۈرلۈك بولغان ھەر خىل ئىنسانلارنى قانائەتلەندۈرۈپ، بۈيۈك غايىگە ئىتتىرەلىگەنلىكىگە نەزەر تاشلاپ بېقىش كېرەك.

3. ئومۇمىيلىق:

قۇرئان كەرىم ئىنسان مۇھتاج بولىدىغان نۇقتىلاردىن بىرەر نۇقتىنى قالدۇرۇپ قويماي ئېنىق بايان قىلغان. ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى ۋە مۇھىم مەسىلىلىرىنى ھەم تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن. ئىسلام ئەقىدىسى پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى قايسى ئاساسلىرىدا بولسۇن ئىنكار ياكى شەك قىلىنماستىن بىر پۈتۈن قوبۇل قىلىنىشى لازىم.

سۈننەتتە بايان قىلىنغان ئەقىدە مەسىلىلىرى قۇرئاندىكى ئەقىدە مەسىلىلىرىنى تەكىتلەپ ياكى بەزى مەزمۇنلارنى كېڭەيتىپ ياكى ئەقىدىنىڭ تارماق مەسىلىلىرىنى بايان قىلىپ كەلگەن.

4.قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان ئەقىدە دىنىمىزنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىغا چېتىلىپ كەلگەن.

ئەقىدە ئەمەلدىن ئايرىلسا ئۈنۈمسىز قۇرۇق نەزەرىيىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارغا ئالاقىدار مەسئۇلىيەت تەرەپلىرى ئەقىدە مەسىلىلىرىنىڭ تولۇق بويسۇنۇشىقا ئىتتىرىدىغان مەسىلىلىرىگە باغلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇھەببەت-نەپرەت، سىياسەت ۋە تۈزۈم، ئىقتىساد ۋە شەخسىي ئەھۋاللارنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ ئەقىدىگە باغلىنىپ كەلگەن.

5.قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە ئالاھىدىلىكى قانائەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىغا تايانغان:

قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىمۇ مۆجىزە بولۇپ، ئەقىدە ساھەسى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قۇرئان كەرىم ئەقىدىنى تونۇشتۇرۇشتا ئەقىل بىلەن

ھېسسىياتقا تەڭ خىتاب قىلغان. ئىنساننىڭ دىققىتىنى كائىنات ۋە ئىنسان نەپسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە قاراتقان.

ئەقىدە ئايەتلىرى ئىپادىلەشتە ئەڭ ئىلغار ئۇسۇلدا مول مەزمۇنلۇق كەلگەن بولسىمۇ ھەممە ئىنسان چۈشىنەلىگۈدەك ئاددى، روشەن بايان قىلىنغان. ئەقىدە ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت ۋە مەزمۇنلىرى ئېنىق بولۇپ، ئىزاھلاشقا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممە كىشىلەرگە ئېنىق شەكىلدە كەلگەن.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

2015- يىل رامزان ئېيى

مىسىر، قاھىرە شەھىرى.

# ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا

(1)

## ئاللاھنىڭ بارلىقى

كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش تەبىئىي زۆرۈر مەسىلە، ئەقىل بۇ مەسىلىنى ئىنكار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. بۇ پاكىت كۆرسىتىشكە مۇھتاج بولمىدىغان مەسىلە ئەمەس. تارىخ بويى ھېچقانداق بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان ئەمەس. دىنسىز دەپ ئاتالغانلارمۇ قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغان، بىراق ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمىغان.

ئىز ئىز قالدۇرغۇچىنىڭ بارلىقىغا پاكىت، ئەقىل بۇ نۇقتىنى ئاسان چۈشىنەلەيدۇ. ئەقىلنىڭ ئىز قالدۇرغۇچىسىز بىرەر ئىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. قانداقمۇ مۇنچىۋالا پۇختا يارىتىلغان كاتتا كائىناتنى ياراتقۇچىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش ئەقىلغا ئۇيغۇن بولسۇن؟!

كائىناتنىڭ يارىتىلىشى، كائىناتتىكى ئاجايىب تۈزۈم ۋە كائىنات بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەن ئىنسانغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كۆرۈنۈشلىرى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا چۈشىنىشلىك دەلىل:«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ» (تۇر سۈرىسى، 36،35-ئايەتلەر).

ئىنساننىڭ ساپ خاراكتېرى چىن قەلبىدىن بۈيۈك ھەقىقەتنى شەكسىز نىدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى گىن ۋاقتىدىلا ياراتقۇچىنى تونۇيدىغان قىلىپ ياراتقان. ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئاللاھ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن تەبىئىي خاراكتېر. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنساننىڭ ئەسلى خاراكتېرى بىلەن ئىنسانلارنى ياراتقۇچى زات ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنامىدىن ئىبارەت:«توغرا دىن ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقۇچىنى تونۇيدىغان ساغلام خاراكتېردە ياراتقان. ئاللاھ ياراتقان ساغلام توغرا خاراكتېرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، مانا مۇشۇ

تۇغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ» (رۇم سۈرىسى، 30-ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ:«ھەر بىر بوۋاق ياراتقۇچى ئاللاھنى تەبىئىي تونۇيدىغان خاراكتېر بىلەن يارىتىلىدۇ. ساپ تەبىئىيىتى ئاللاھنى تونۇيدىغان بۇ بالىنى ئاتا-ئانىسى يا يەھۇدى قىلىۋېتىدۇ، يا خرىستىيان قىلىۋېتىدۇ ياكى ئۇتقا چوقۇنىدىغان قىلىپ قويىدۇ» دېگەن(بۇخارى رىۋايىتى). رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ياكى مۇسۇلمان قىلىۋېتىدۇ، دېمىگەن. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ساپ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تەبىئىي ساپ ۋىجدان تۇيغۇسى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا راستچىل پاكىتلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ھاياتىمىزدا تەبىئىي خاراكتېرنىڭ مىساللىرى كۆپ. مەسىلەن، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپلا بىرەر ئادەم ئۆگەتمىسىمۇ ياكى ئەقلىي ياكى ھېسسى پاكىت ھېس قىلماستىن ئانىسىنى ئېمىشكە ئىنتىلىشى، ئانىنىڭ بالىسىغا قارىتا ئانىلىق ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك بولىشى، قورساقنىڭ تەبىئىي ئېچىشى دېگەندەك ئىشلار ئىنساندىكى تەبىئىي

خاراكتېرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. بىزدە روھ (ھاياتلىقنىڭ سىرى) نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز، ئۇنى ھېسسى ئەزالىرىمىز بىلەن ھېس قىلالمىساقمۇ مۇداپىئە قىلىمىز. ئىچكى دۇنيايىمىزدا مۇھەببەت-نەپرەت، ئارزۇ ۋە يامان كۆرۈشكە ئوخشاش تۇيغۇلارنىڭ بارلىقىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز. بىر نەرسىگە كۆڭلىمىز تارتىدۇ، ئەلەم ياكى خۇرسەنلىك ھېس قىلىمىز...

ئىنسانىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىش تۇيغۇسى، ئۇنىڭ ياردىمىگە دائىم ئىنتىلىشى ئىنساندىكى تەبىئىي راستچىل تۇيغۇلارنىڭ قاتارىدىن. بۇ تەبىئىي تۇيغۇلاردا بارلىق ئىنسانلار قانداق سەۋىيىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئورتاق. ئاللاھ ئىنسانلارنى مۇشۇنداق تۇيغۇدا ياراتقان:«ئاللاھ ئىنسانلارنى ئىمان ۋە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش تۇيغۇسى بىلەن ياراتقان» (بەقەر سۈرىسى، 138-ئايەت).

كائىناتنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان مۆجىزە. بىراق ئىنسان بەزىدە بۇ

ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قالىدۇ، بەزىدە تەرسالىق ۋە چوڭچىلىق قىلىپ غەپلەتتە قالىدۇ، شۇڭا بۇ غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان ۋە تەرسالىقنى يوقىتىدىغان يېڭى بىر نەرسىگە مۇھتاج بولىدۇ. مانا مۇشۇ يەردە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كائىنات قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى بولغان مۆجىزە پەيدا بولىدۇ. نورمال ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھاڭ-تاڭ بولۇپ، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ.

كائىنات ۋە ھاياتتا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسىلەر ھەممە نەرسىلەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ساپ خاراكتېرگە ئىگە ساغلام ئەقىل ئىگىسى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

ساغلام خاراكتېرى ئۆزگىرىپ ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلارغا ئەقلىي، ئىلمىي ۋە ماددى پاكىتلارنى كۆرسىتىش لازىم.

(2)

## تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ماھىيىتى

بىز ئىلگىرى قۇرئاننىڭ ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن ئېنىق مۇنازىرە قىلمىغانلىقىنى، سەۋەبى بۇ مەسىلىنىڭ ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىدە ئۇقۇمۇشلۇق مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىشقا ئېھتىياجىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ياراتقۇچىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىش كۆرۈلمىگەن، بەلكى ياراتقۇچى ئىلاھنى بىر قانچە دەپ قارايدىغان خاتا ئەقىدە قاراشلىرى بار ئىدى. قۇرئان كەرىم ئىلاھنى بىر قانچە دەپ قارايدىغان مانا مۇشۇ خاتا ئېتىقاد قارىشىنى ھەل قىلغان. ئىسلام نەزىرىدە ياراتقۇچىنى قوش ياكى بىر قانچە دەپ قاراش ساغلام تەۋھىد ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان شېرىك ۋە زۇلۇم دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ چوڭ زۇلۇمنى يوقىتىش ۋە كىشىلەرنى تەۋھىدنىڭ سۈزۈك ھالىتىگە تارتىپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى شۇنىڭغا قاراتقان. قۇرئاننىڭ

قايسى بىر سۈرىسىگە قارىسىڭىز ئاللاھنىڭ يەككە-يېگانىلىقى تەكىتلەنگەن ۋە شېرىككە قارشى پاكىتلار كەلتۈرۈلگەن. ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى تەۋھىد ئەقىدىسىنى تونۇتۇش دەپ بەلگىلىگەن.

قۇرئان كەرىم تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە تەۋھىدنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇرغان. قۇرئانغا نەزەر تاشلىغان كىشى بەش نۇقتىنىڭ تەۋھىد مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ:

1.ئاللاھنىڭ يەككە-يېگانە ياراتقۇچى ئىكەنلىكى. يەنى ئاللاھ بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى، ئىنسانىنى ياراتقۇچى، ئاسمان-زېمىننى ياراتقۇچى؛ ھايۋانلارنى، سۇلارنى، زىرائەتلەرنى ۋە بارلىق نېمەتلەرنى ياراتقۇچىدۇر.

ئاللاھ يەككە-يېگانە زاتتۇر. يەنى ھەقىقى ئىلاھ دېگەن بىر قانچە بولمايدۇ، شۇڭا كامالەت ۋە ئۇلۇغلۇقتا ئاللاھنىڭ زاتىغا ئوخشايدىغان بىرەر نەرسە مەۋجۇد ئەمەس. ئاللاھنىڭ زاتى بىر قانچە زاتلاردىن تەركىپ تاپقان ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھنىڭ دادىسى ياكى

بالىسى يوق، ئاللاھ بىر نەرسىگە چۈشمەيدۇ ياكى بىرەر نەرسە بىلەن بىرىكمەيدۇ:«ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاللاھغا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر» (مۆمىنۇن سۈرىسى، 91،92-ئايەتلەر).

2.كائىناتنىڭ ھەقىقىي ئىگىدارچىلىقى پەقەت ئاللاھغا خاس. ئاللاھ ياراتقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى. باشقا مەخلۇقلارنىڭ قول ئىلكىدىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۈلكى بولۇپ، بۇ مۈلۈكلەرنى ئاللاھ ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ نېمەت سۈپىتىدە ئاتا قىلغان.

3.ھۆكۈم، قانۇن، بۇيرۇش ۋە چەكلەش ئىشلىرىدا ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر. كائىنات ئىختىيارسىز ھالەتتە ياراتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ماڭىدۇ. ئىختىيارلىق

بىرىلگەن ئىنسان ياراتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن مېڭىشى زۆرۈر. چۈنكى ياراتقۇچىدەك ئىلغار قانۇن ۋە يولىيورۇق بېرەلەيدىغان مەخلۇق مەۋجۇت ئەمەس.

4.ئىبادەتنى يالغۇز ئاللاھقا قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق بويسۇنۇش ياراتقۇچى ۋە قانۇننى يولغا قويغۇچى ئاللاھقا خاس. يالغۇز ئاللاھقا بويسۇنۇش تەبىئىي ئەھۋال. خالىس ۋە سەمىمىي ئىبادەت تەۋھىدنىڭ ئەمەلىي تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم خالىس ئىبادەت نۇقتىسىغا بەك مەركەزلەشتۈرگەن. قۇرئاندا ئىبادەت پەقەت ئاللاھنىڭ ھەققى دېگەن ئايەت 272 قېتىم تەكرارلانغان.

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە:«مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەقىقىي ئىلاھ)يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق» (ئەنبىيا، 25-ئايەت).

يەنە:«ئۇلار(پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق)پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن

باشقا(يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن باشقا) ھېچ مەبۇد(بەرھەق)يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر» (تەۋبە سۈرىسى، 31-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىش غايىسىنى ئىبادەت دەپ بىكىتكەن:«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت).

ھەقىقىي ئىبادەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشقا ئەرزىيدىغان زات پەقەتلا ئاللاھدۇر، شۇڭا ئاللاھغا ئاسىيلىق قىلماي ئىتائەت قىلىش، تۈزكورلۇق قىلماي تەشەككۈر ئېيتىش ۋە ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇش لازىم.

ئىبادەت ئاللاھقا خالىس بولىشى، رىياخورلۇقتىن ساقلىنىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاللاھدىن باشقىسىغا قىلىش توغرا بولمايدۇ. سېغىنىپ ياردەم سوراشنى ئاللاھقا قىلىش، تەۋەككۈلنىمۇ ئاللاھقا قىلىش، دۇئانىمۇ يالغۇز ئاللاھقا قىلىش ۋە قان قىلىشنىمۇ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن قان قىلىش...لازىم.

ئىسلامدىكى ئىبادەت ئاتالغۇسى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان سۆز ۋە ئىش ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي ئىسىمدۇر. مەسجىتنىڭ مېھرابىدىكى ئىشلار ئىبادەت، شۇنداقلا ئادالەت، ئىشلارنى پۇختا قىلىش ۋە زۇلۇمنى يوقىتىشقا ئوخشاش ھايات مېھرابىدىكى ئىشلارمۇ ئىبادەتتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىنسانىنىڭ ۋەزىپىسى ئىبادەت قىلىش، ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كائىناتنى گۈللەندۈرۈش ۋە ھاياتنى ئىسلاھ قىلىش دەپ كەلگەن.

5.ئاللاھ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدىمۇ يەككە-يېگانىدۇر. ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى مۇتلەق كامالەتكە ئىگە سۈپەتلەردۇر. ياراتقۇچىنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن مەخلۇقنىڭ سۈپەتلىرى ئارىسىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ مەخلۇقلارغا ھېچقايسى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئەيىب-نۇقساندىن پاك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە: «ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ

ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر» (شۇرا، 11-ئايەت).

ئاللاھ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىمۇ يېگانىدۇر ۋە مەخلۇقلاردىن بىھاجەتتۇر. زامان ۋە ماكانغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان زاتتۇر. شۇڭا ياردەم ياكى ھەمكارلىق ياكى ئورتاقلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ، كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ تەسىرىدۇر.

ئاللاھ ئۆزىنى بەزى ئىسىم-سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەپ بىزگە تونۇشتۇردى، بۇ سۈپەتلەر پەقەت ئاللاھقا خاس، ئۇنى مەخلۇقلارغا ئىستىمال قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. مەسىلەن، "ئاللاھ" ياكى "رەھمان" دېگەندەك ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ئىستىمال قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى يەككە-يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش ئەقىدىسى.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىشارەت قىلىپ تەۋھىد مەسىلىسى ۋە ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە دەلىل كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. چۈنكى كائىنات ياراتقۇچىنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

كائىنات ھېچ نەرسە، ھېچقانداق بىر مەخلۇق كاپىر بولسىمۇ ئاسمان-زېمىننى مەن ياراتتىم دەپ دەۋا قىلىپ باقمىدى. كائىنات ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىۋاتقان قانۇنىيەت بىر. ئۇنداقتا بۇ قانۇنىيەتنى يولغا قويغۇچىنىڭ بىرلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كائىنات پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە قانۇنىيىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمىگەنلىكى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنىڭ دەلىلى. كائىنات ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەممىگە قادىر ۋە يەككە-يېگانە ئىرادىگە ئىگە ئەبەدىي بىر زات تەرىپىدىن مەۋجۇتلۇققا كەلگەن. ئەگەر كائىناتتا ئاللاھدىن باشقا بىرەر ئىلاھ مەۋجۇد بولىدىغان بولسا كائىنات قانۇنىيىتى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولار ئىدى، تۈگىمەس توقۇنۇشلار پەيدا بولغان بولاتتى.

دېمەك، ھاياتنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبى ھۆكۈم ۋە ئىتائەت ئىشلىرىدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر، ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلارنىڭ سەۋەبى ياراتقۇچىدىن ئىبارەت بىر ھاكىمغا تايانمىغانلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرمەكتە: «ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھدىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى،

(كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر» (ئەنبىيا سۈرىسى، 22،21-ئايەتلەر).

(ئىلاھ پەقەتلا بىر ئەمەس، ئىلاھ دېگەن بىر قانچە بولىدۇ) دەپ قارايدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئىلمىي پاكىتلىق دەلىلى يوق. بۇلار دەۋاسىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلمىي دەلىل كەلتۈرەلمىگەن. ئاللاھدىن باشقا ئىلاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولمىغان ئىكەن، ئۇ چاغدا مۇشرىكلارنىڭ دەۋالىرى ئىناۋەتسىز ۋە تۈرلۈك ئىلاھلىرى قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت.

قۇرئان مۇشرىكلارنىڭ: بۇتلار، قۇياش، يۇلتۇزلار، پەرىشتىلەر، جىنلار، پەيغەمبەرلەر، پوپلار ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىدىن ئىبارەت تۈرلۈك ئىلاھلىرى توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارغان ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

***

# ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى

قۇرئان كەرىم گۈزەل، پۇختا ۋە ئاجايىپ يارىتىلغان كائىنات كۆرۈنۈشلىرىگە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قاراتتى. پۇختا ۋە گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغان بۇ كائىنات ئۆزىنى ئۆزى يارىتىۋالمىدى ياكى ئۆزلۈكىدىن يارىتىلىپ قالمىدى. بۇ كائىناتنى ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەبەدىي ھاياتلىققا ئىگە ئاللاھ ياراتتى. ئاللاھنىڭ ھاياتلىقى ھېچقانداق بىر نەرسىگە مۇھتاج بولمايدىغان ياكى ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدىغان ياكى يوقۇلۇپ كەتمەيدىغان ئەبەدىي مۇستەقىل ھاياتتۇر.

كائىناتنى ياراتقان بۇ زاتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئەقىل ئىگىلىرىگە نىسبەتەن قىلچىمۇ شەك يوق. كائىناتنى ياراتقان بۇ زات چەكسىز، مۇتلەق كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە. ئۇ زات تولۇق مۇكەممەل ئىرادىگە ئىگە بولۇپ خالىغىنىنى قىلالايدۇ. كائىنات ۋە بارلىق مەۋجۇدىيەتنى ياراتقان بۇ زات ئاشكارا-يوشۇرۇن ھەممە نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، كائىناتتىكى ھېچقانداق بىر نەرسە مەخپىي بولۇپ

قالمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ زات ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۇنتۇپمۇ قالمايدۇ.

كائىناتنى ياراتقان بۇ زات يەككە-يېگانە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچبىر شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوق. كائىناتنى يارىتىش، باشقۇرۇش ۋە مەخلۇقلارغا رىزىق بېرىشتە ئۇ زاتنىڭ شېرىكى مەۋجۇت ئەمەس. كائىناتتا ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ بولىدىغان بولسا، كائىناتنىڭ تۈزۈمى بۇزۇلغان بولاتتى. كائىنات تۈزۈمىنىڭ بۇزۇلماي بىر خىل يۆنىلىشتە مېڭىۋاتقانلىقى ياراتقۇچى ۋە تەدبىر قىلغۇچى زاتنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دەلىل. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ شېرىكتىن خالى، ئىلاھلىق پەقەت ئۇنىڭغا خاس.

ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچى مەخلۇق ئارىسىدا پەرقىنىڭ بارلىقى چۈشىنىشلىك بىر ھەقىقەت. يارىتىلغان مەخلۇق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، باشقا نەرسىگە مۇھتاج بولۇپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ، مەخلۇقنىڭ پەيدا بولۇش جەھەتتىن باشلىنىدىغان ۋە ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. بىراق ياراتقۇچى ئاللاھ مەخلۇقلارغا ھېچقايسى تەرەپتىن پەقەت ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ

باشلىنىشى ياكى ئاخىرلىشىشى بولمايدۇ، ئەزەلدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان ۋە مەڭگۈ باقى قالىدىغان زاتتۇر.

ئۇ زات مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا ئىنسان ياكى كائىناتقا ئوخشاش بىرەر نەرسىگە مۇھتاج بولمايدۇ، بەلكى كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقلارغا رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ. ياراتقۇچى ئاللاھ ئىنسان ياكى ھايۋان ياكى جانلىق ياكى جانسىز نەرسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنمەيدۇ ياكى مۇجەسسەملەشمەيدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى توغرىسىدا كەڭرى توختالغان.ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى تۆۋەندىكى تۈركۈملەرگە بۆلەپ تونۇشتۇرىمىز.

## بىرىنچى: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى:

1."ئاللاھ"دېگەن خاس ئىسىم قۇرئان كەرىمدە 2815 قېتىم كەلگەن.

2.پەرۋەردىگار، ياراتقۇچى ۋە كائىناتنىڭ ئىگىسى دېگەن ئىسىملىرى:

"ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى" دېگەن ئىسمى 983 قېتىم تەكرار كەلگەن.
"ياراتقۇچى"دېگەن ئىسمى 11 قېتىم تەكرارلانغان.
«كائىناتنىڭ ئىگىسى"دېگەن ئىسمى يەتتە قېتىم تەكرارلانغان.
3.ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، خەۋەردارلىقى ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئىسىملىرى تۈرلۈك شەكىلدە 478 قېتىم تەكرار كەلگەن.
مەسىلەن: ياخشى بىلگۈچى، بىلىپ تۇرغۇچى، بەك بىلگۈچى، ھەممىدىن بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، مەخپىي ھەم ئىنچىكە ئىشلارنىمۇ بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى دېگەن ئىسىملىرى.
4.ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ۋە مۇتلەق ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسىملىرى تۈرلۈك شەكىلدە 69 قېتىم تەكرارلانغان.

مەسىلەن، ھەممىگە قادىر، قادىر، كۈچلۈك، پۈختا ئىش قىلغۇچى، خالىغىنىنى قىلغۇچى دېگەن ئىسىملىرى.

5.ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملىرى541 قېتىم تەكرارلانغان.

مەسىلەن، مېھرىبان زات، شەپقەتلىك زات، كۆيۈمچان زات، ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى زات، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى زات، ئىنسانلارنىڭ ئىتائەت ئىشلىرىغا رەھمەت ئېيتقۇچى، ساۋاب بىلەن مۇپاكاتلىغۇچى، ئەيىب-نۇقسانىدىن پاك، مۇلايىم، كەچۈرگۈچى، گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى، سېخى، بەك سېخى، نېمەت ئاتا قىلغۇچى ۋە يېقىنىدىن بىلىپ تۇرغۇچى دېگەن ئىسىملىرى.

6.ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۈستۈنلۈكى ۋە مۇقەددەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملىرى 127 قېتىم تەكرارلانغان.

كۆچلۈك غالىب، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى، ھېچقانداق بىر نەرسىدىن ئاجىز كېلىپ قالمايدىغان زات، ئۆزىگە ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئۈستۈن زات، ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن زات، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى، ئۇلۇغ، ھەممىدىن بۈيۈك، ئۈستۈنلۈككە ئىگە، مەخلۇقلىرىنى خالىغان نۇقتىغا كەلتۈرەلەيدىغان زات، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى، شەرەپلىك، ئەيىب- نۇقساندىن پاك زات دېگەن ئىسىملىرى.

يۇقىرىقى يېقىنلاشتۇرما ستاتىستىكا قۇرئاندا كەلگەن ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قالغان ئىسىملىرى ئاز كەلگەن.

ئاللاھنىڭ مۇتلەق كامالەتكە ئىگە بۇ ئىسىملىرىنى ئادەتتىكى بىر ئادەممۇ چۈشىنەلەيدىغان دەرىجىدە شۇنداق ئاددى ۋە روشەن كەلگەن. قۇرئاندا كەلگەن ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ئارقىلىق ئىزباسار ئىنسان خىزمەت مەيدانى بولغان زېمىننىڭ ئىگىسىنى ئېنىق روشەن ھالدا بىلەلەيدۇ.

## ئىككىنچى:ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى:

ئاللاھنىڭ قۇرئاندا كەلگەن سۈپەتلىرىنى تۆت تۈركۈمگە بۆلەپ تونۇشتۇرىمىز:

1.ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ كەلگەن سۈپەتلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ مۇئەييەن سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى تۈردىن باشقا بارلىق ئىسىملىرى كىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىق، يارىتىشقا ياكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرۇشقا ياكى ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ياكى مېھرىبانلىقىغا ياكى ئۇلۇغلىقىغا ئالاقىدار ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى سۈپەتتىن تۈرلەنگەن ئىسىملاردۇر. بۇلار ئاللاھنىڭ ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئىلگىرى توختالدۇق.

2.ئىلگىرىكى ئىسىملارنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، بىراق ئىسىم سۈپىتىدە كەلمىگەن سۈپەتلەر بولۇپ، يۇقىرىقى ئىسىملارنى تەكىتلەش ئۈچۈن كەلگەن بولسا كېرەك. مەسىلەن:

(1)."ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى"، "ياراتقۇچى" ۋە "قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى" دېگەندەك پەرۋەردىگارلىق ۋە يارىتىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىسىملار. بۇ ئىسىملارنىڭ مەزمۇنلىرى باشقا شەكىلدە كەلگەن. مەسىلەن: "تىرىلدۈرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ياراتتى، ئاسمان-زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى"دېگەندەك.

(2)."ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى"، "ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى" ۋە "ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى" دېگەندەك ئىسىملىرى ئىسىمدىن باشقا شەكىلدىكى سۆپەتلەر بىلەن تەكىتلەنگەن. مەسىلەن،"ياراتقان زات بىلمەمتى؟"(مۇلك سۈرىسى، 26 ـ ئايەت)، "ھەممە كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ"(ئەنئام سۈرىسى،103ـئايەت)، "ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ"(پەتھى سۈرىسى،21ـئايەت).

(3)."ھەممىگە قادىر" ۋە "ھەممىدىن كۈچلۈك" دېگەندەك ئىسىملىرى باشقا شەكىلدىكى سۆپەتلەر بىلەن تەكىتلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ئۇلار ئۆزلىرىنى

ياراتقان ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلمىدىمۇ؟» (فۇسسىلەت، 15-ئايەت).

(4)."مېھرىبان"، "شەپقەتلىك" ۋە "كۆيۈمچان" دېگەندەك ئىسىملىرى باشقا شەكىلدە تەكىتلىنىپ كەلگەن.مەسىلەن،«ئاللاھ (ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە) رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى» (ئەنئام سۈرىسى، 12-ئايەت).

(5)."ئەيىب-نۇقساندىن پاك ۋە ھەممىدىن ئۈستۈن"، "ئۈستۈنلۈككە ئىگە" دېگەندەك ئۇلۇغلۇقنى كۆرسىتىدىغان ئىسىملار باشقا شەكىللەردە تەكىتلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن،«شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ»(فاتىر سۈرىسى،10-ئايەت)

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بۇ تۈر بىرىنچى تۈردىن مۇستەقىل ئەمەس، بىرىنچى تۈرنى باشقا شەكىلدە تەكىتلەپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تۈر ۋە ئىلگىرىكى بىرىنچى تۈر ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قالغان سۈپەتلىرى ئاز نىسبەتنى تەشكىل قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى سۈپەتلەر:

زاھىرىي جەھەتتىن قارىساق ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ئىسىملىرى بىلەن مەنىۋى ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەيدىغان سۈپەتلەر. بۇ سۈپەتلەرنىڭ زاھىرىي (سىرتقى كۆرۈنۈشى) بەزى ئىلمىي كالام ئېقىملىرىدا چۈشىنىش قىيىنچىلىقىنى پەيدا قىلغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1).ئاللاھقا نىسبەت بېرىلگەن ئەزالار. مەسىلەن:"يۈز، كۆز، قول» دېگەندەك سۆزلەر.

(2).قىلغۇچى بولمىسا ھاسىل بولمايدىغان ئىختىيارى ئىشلار. بۇلار يۇقىرىقى ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار قۇرئاندا ئاز. مەسىلەن، (ئىستاۋا) "ئۆرلىدى/ ئىگىلىدى"(بەقەر سۈرىسى، 29-ئايەت)، "كېلىدۇ"، "كەلدى" دېگەن ئىشلار.

(3).ئاللاھقا تەرەپنى نىسبەت بەرگەن سۈپەتلەر. مەسىلەن، (پەۋق) "ئۈستۈنلۈك" سۈپىتى(ئەنئام، 18-ئايەت)

قۇرئــان بىرىنچــى تــۆردىكى ئاللاھنىــڭ ئىســىم-سۈپەتلىرى توغرىسىدا ئىنسان مۇھتاج بولىدىغان بارلىق ســۈپەتلەرنى ئېنىـــق بايـــان قىلىـــپ بەردى. مەســـىلەن، ئاللاھنىـــڭ ئىســـمى، بىرلىكــى، يــاراتقۇچى ئىكەنلىكــى، ھەممىنـــى بىلىـــپ تۇرىـــدىغانلىقى، ھەممىـــگە قـــادىر ئىكەنلىكــى ۋە رەھىمــدىللىكىگە ئوخشــاش ســۈپەتلىرىنى ئىنســان بىلىشــكە مۇھتــاج. شــۇنىڭ ئۈچــۈن بــۇ ســۈپەتلەر رىتىملىك ۋە بىــر بىرىنــى تاكامۇللاشــتۇرىدىغان شــەكىلدە كەلــگەن بولــۇپ، ئىنســـان ئىدىيىســـىدە تەشــۋىش پەيـــدا قىلمايدۇ. بىرىنچى تۆركۈمــدىكى مەنىسى ئېنىــق ئىســىم ۋە ســـــۈپەتلەرگە ئىشـــــىنىش يـــــاكى ئىنشەنمەســــــلىك مۇكاپات(جەننەت) ياكى جازا (دوزاخ) دىن ئىبارەت نەتىجىگە باغلانغان.

ئۈچىنچى تۆركۈمــدىكى بــۇ ســۆزلەرنىڭ ئاللاھنىــڭ ئىســـىملىرى بىـــلەن ئالاقىســـى يـــوق. ئاللاھقـــا نىســـبەت بېـــرىلگەن ئـــۈچىنچى تۆركۈمـــدىكى بـــۇ ســـۆزلەر دىنىنىـــڭ ئاساســـلىرىدىن بىـــرەر ئاساســـنى يەتكـــۈزۈش ئۈچـــۈن كەلمىـــگەن. شـــۇنداقلا بـــۇ ســـۈپەتلەر ئىلاھنىـــڭ مـــاھىيىتى ھەققىـــدە ئـــازراق بولســـىمۇ تەســـەۋۋۇر بېرىشـــنى مەقســـەت

قىلمىغان سۈپەتلەردۇر. شۇڭا بۇ خەۋەرلەرگە ئىشىنىش ۋە مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قۇرئانىدىكى ئورنىغا قاراپ ئىزدىنىش لازىم، كۆپىنچە ھاللاردا مەزمۇنى ئېنىق كېلىدۇ. ئەگەر مەقسەتنى چۈشەنسەك ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش بىزنىڭ تەپەككۇر دائىرىمىزگە چۈشمەيدۇ. قۇرئان كەرىم سۈپەتلەرگە ئالاقىدار بولمىغان بەزى خەۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىز بۇ خەۋەرلەرنىڭ ئۇقۇمىنى چۈشەنمىسەكمۇ مەقسەتنى چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن:«ئۇنىڭ مېۋىسى گويا شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا ئوخشايدۇ» (سافات سۈرىسى، 65-ئايەت). بۇ ئايەتتىن مەقسەت قورقىتىش ۋە سەسكەندۈرۈش مەقسەتتۇر، لېكىن ماھىيىتى ئېنىق ئەمەس.

بۇ سۆزلەرگە تەۋىل(سۆزنى ھەقىقى مەنىسىدىن كۆچمە مەنىسىگە يۆتكەش) قىلماستىن ئۆز ھەقىقىتى بويىچە ئىشىنىش ۋە مەزمۇنىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش سەلەپ سالىھلەرنىڭ يولى. مۇھەققىق ئالىملار بۇ سۆزلەرگە قارىتا سەلەپلەرنىڭ يولىنى ئەڭ ساغلام دەپ قارىغان.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ سۆزلەرنى ئەرەپ تىلىغا ئۇيغۇن ھالدا ئاللاھنىڭ كامالىتىگە مۇناسىپ يوسۇندا ئىزاھلاش دۇرۇس دەپ قارىغان. بۇ ئىھتىماللىقمۇ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەۋىل قىلىنسا رەت قىلىنمايدۇ.

دېمەك، قۇرئاندا كەلگەن بۇ سۈپەتلەرنى ئورنىغا قاراپ بىر قانچە تۈرلۈك ئىھتىماللىق بىلەن ئىزاھلاش ۋە تەپسىر قىلىش دۇرۇس. بۇ سۈپەتلەر تۈرلۈك تەپسىر قىلىش ۋە ئىزاھلاش ئىھتىماللىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنى ئىمان بىلەن كۈپۈرلۈق ياكى تەۋھىد بىلەن شېرىك ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغۇچى نۇقتا دەپ چۈشىنىۋېلىش توغرا ئەمەس. مۇشۇ ئاساستا باشقىلارغا تەتۈر قاراش ياكى مۇناپىق ياكى پاسىق ياكى بىدئەتچى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تۆھمەت چاپلاش تېخىمۇ توغرا ئەمەس. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەۋىل (سۆزنى ھەقىقى مەنىسىدىن كۆچمە مەنىسىگە قوشما پاكىت ئاساسىدا يۆتكەش)گە مۇھتاج بولىدىغان ئورۇنلاردا شەرتكە ئۇيغۇن ئوتتۇراھال تەۋىل قىلىش كۆپ ساندىكى ئەھلى سۈننى مۇسۇلمانلىرىنىڭ يولىدۇر، شۇڭا ئوتتۇراھال تەۋىل

سەۋەبىدىن ئۈممەتنى ئازغۇنغا چىقىرىش ياكى توغرا يولدىن خاتالاشقان دەپ قاراش ياخشى ئىش ئەمەس.

ئاللاھ ئۆزىنى قۇرئان ۋە پەيغەمبەرنىڭ تىلى ئارقىلىق سۈپەتلەپ بەرگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيمىز.ئاللاھ ئۆزىدىن ئىنكار قىلغان سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلىمىز. ئاللاھنىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

بۇ نۇقتىدا سەلەپ ۋە خەلەپ (ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى) ياكى ئەھلى سۈننىنىڭ ئۈچ تارمىقى بولغان "سەلەپى، ئەشئەرى ۋە ماترىدى ئېقىم"لارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلارغا ھېچقايسى جەھەتتىن ئوخشىمايدىغانلىقىدا ۋە مەخلۇقلارغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن پاك ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاق. ئاللاھنىڭ ئەيىب-نۇقساندىن پاك ئىكەنلىكىدە يۇقىرىقى ئەھلى سۈننى ئېقىملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك قاراشتا.

## تۆتىنچى: قۇرئان كەرىم ئاللاھدىن ئىنكار قىلغان سۈپەتلەر:

قۇرئان كەرىم ئاللاھدىن ئىنكار قىلغان سۈپەتلەر. ئىنكار قىلىش يا باشتىلا ئىنكار قىلىنىدۇ ۋە ياكى مۇشرىكلارنىڭ شېرىك ئېتىقادىغا ۋە نادانلارنىڭ نادانلىقىغا رەددىيە بولۇپ كېلىدۇ. قۇرئان كەرىم كۆپىنچە ۋاقىتتا ئاللاھدىن ئىنكار قىلغان سۈپەتنىڭ قارمۇ-قارشىسىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مۇتلەق كامالەتكە ئىگە ئەيىب-نۇقساندىن پاك زات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەسىلەن، ئاللاھدىن شېرىكنى ئىنكار قىلدى، بالىسى ياكى ئايالىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلدى، مۇھتاجلىق، ئاجىزلىق، چارچاش، ئۇخلاپ قېلىش، زۇلۇم قىلىپ سېلىش، ئويۇنشىپ بىر ئىش قىلىپ سېلىش ۋە ئەھمىيەتسىز ئىش قىلىشنى ئىنكار قىلدى. شۇنداقلا بىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا ئاللاھنى كۆرۈشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلدى.

چۈنكى يـاراتقۇچى ئـالـلاھ ئەيـىـب-نۇقسـانغا تەۋە بـۇ سـۈپەتلەردىن پـاكـتۇر. ئـاجىزلىق يـاكى مۇھـتـاجلىقنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سـۈپەتلەر كائىنـاتنى ياراتقـان ۋە تەدبىر قىلىۋاتقان زاتقا پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ.

ياراتقۇچى ئاللاھ ئەزەلدىن بار ئىدى، ئـۇ ئەبەدى زات بولۇپ يوقىلىپ ياكى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دائىـم ھايـات، ھېچقانداق بىر نەرسىگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ، ھېچقانـداق بىرسى ئۇنىڭغا تەڭ كىلەلمەيدۇ ۋە ھېچقانداق مەخلۇققا ئوخشىمايدۇ.

## ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى

ئاللاھنىـڭ ئىسـىم-سـۈپەتلىرى ئاللاھقـا بولغـان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئىمـاننى ئاشـۇرىدۇ، ھايـات ۋە ئىستىلنى تۈزىتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىـڭ سـۈپەتلىرىدىن ھەر بىـر سـۈپەتنىڭ مۇسـۇلماننىڭ قەلبىـدە شەكسـىز تەسـىرى بولىـدۇ، شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئاللاھنىـڭ ئىسـىم-سۈپەتلىرىنىڭ مۇسۇلماننىڭ ھاياتىـدا ئىنسـانغا لايىـق

رەۋىشتە نامايان بولىشى، شۇنداقلا هاياتى ۋە ئىستىلغا قارىتا تەسىرى كۆرۈنۈش كېرەك.

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى مۇسۇلماندا ھەر زامان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ئىبادەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئاللاھدىن قورقۇش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىشى لازىم. قايسى بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، هاياتى ۋە ئىستىلىدا بۇ ئىماننىڭ تەسىرى كۆرۈنمىسە، ھەقىقى ئىمان ھېسابلانمايدۇ. قايسى بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، هاياتى ۋە ئىستىلىدا زۇلۇمدىن قول ئۈزۈپ ئادىل ئىش قىلمىسا، ئادالەت سۈپىتىگە ھەقىقى ئىشەنمىگەن بولىدۇ.

دېمەك، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ھەر بىر سۈپەتنى مۇشۇنداق چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش لازىم. چۈنكى ئاللاھ سۈپەتلىرىنى ھېكمەتسىز بايان قىلمىدى، بىزنىڭ هاياتىمىز ۋە ئىستىلىمىزدا تەسىرى ھەر زامان كۆرۈنۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن بايان قىلغان.

***

# تەقدىرگە ئىشىنىش مەسىلىسى

تەقدىر مەسىلىسى ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تەقدىر مەسىلىسىنى ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىنلا تونۇشتۇرىمىز.

قازا-قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ماھىيىتى ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان، خالىغىنىنى قىلالايدىغان ۋە ھەممىگە قادىر سۈپەتلىرىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ ھەممە نەرسىلەرنى قاچان بولىدىغان ۋە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمىي يېڭىلانمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، ئالمىشىپ قالمايدىغان ۋە ئۇنتۇپ قالمايدىغان كامىل مۇقىم ئىلىمدۇر.

ئاللاھنىڭ ئىلمى مەجبۇرلىمايدۇ، پەقەتلا ئېچىپ بېرىدۇ، ئاللاھ مۇتلەق ئادالەت ئىگىسىدۇر. ئۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسىگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەردى، ئۇلارغا ئەقىل، ئىرادە ۋە ساغلام خاراكتېر ئاتا قىلدى.

پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، كىتابلارنى چۈشۈرۈپ بەردى، ھەممە ئىنسانلارغا بىلىپ تۇرۇپ تاللاش پۇرسىتىنى ئاتا قىلدى. شۇڭا كىم ھىدايەتنى تاللىسا ئاللاھ ئۇنى ئازدۇرۇۋەتمەيدۇ، شۇنداقلا كىم ئازغۇنلۇقنى تاللىسا ئاللاھ ئۇنى ھىدايەتكە مەجبۇرلىمايدۇ. كىم ھىدايەتنى تاللىسا ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىدۇ، ھېچ بىر ئىنساننى خاتا يولغا مەجبۇرلىمايدۇ.

ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇق سەۋەبىگە باغلىق، قايسى يولنى تاللاش ئىنساننىڭ تولۇق ئىرادىسىگە باغلىق. ئاللاھ ھىدايەتنى تاللىغان ئىنسانغا بېرىدۇ. خاتا يولنى تاللىغان ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئىنساننى ھىدايەت قىلمايدۇ، تاللىغان خاتا يولغا قويۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ بىر ئىشنى بولىدۇ دەپ بىلسە، ئۇ ئىشنى ئىرادە قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ بىر ئىشنى پەيدا قىلىشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئۇنى ھېچ بىر نەرسە ئاجىز قىلالمايدۇ، ھېچ نەرسە ئۇنىڭدىن غەلىبە قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ مۈلكى بولغان كائىناتتا ئاللاھ ئىرادە قىلمىغان ھېچ بىر ئىش يۈز بەرمەيدۇ. ئاللاھ ئىرادە

قىلغان بىرەر ئىش بولماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زات ئەزىز (غالىب كۈچلۈك)ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ بىلگەن، ئىرادە قىلغان ۋە تەقدىر قىلغان ھەر بىر ئىش مۇتلەق ھېكمەتكە ئىگە.

تەقدىرنىڭ مەنىسى: بولغان، بولۇۋاتقان ۋە بولماقچى بولغان نەرسىلەرگە قارىتا ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن مۇتلەق تولۇق ئىلمىنىڭ بارلىقىنى بىلىشتۇر.

قازانىڭ مەنىسى: نەرسىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مۇكەممەل تولۇق ئىلمىگە قارىتا دەل بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا پەيدا بولدىغانلىقىنى بىلىشتۇر.

(1)

## تەقدىر توغرىسىدا بىر قانچە ھەقىقەتلەر

ئىنسانىنىڭ تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشتە قانائەتلىنىشى ۋە كۆڭلى خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن بىر قانچە ھەقىقەتلەرنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز:

1.تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگار ۋە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر تارمىقىدۇر. ئاللاھنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى، ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقى، ئۇ زاتنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئىكەنلىكى، ئادىل زات ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ بىر تارمىقىدۇر. قايسى بىر ئىنسان ئاللاھنىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئەقلى ۋە نەقلى پاكىت ئاساسىدا ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، قازا-قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈشى لازىم.

2.ئاللاھنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق ئەركىن ئىرادە. ئۇ زات خالىغاننى قىلالايدۇ، ھېچقانداق بىر مەخلۇق ئاللاھنىڭ مۇتلەق چەكسىز ئىرادىسىگە چەكلىمە قويالمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تاللىشى دېگەن سۆز 250 قېتىم ئەتراپىدا كەلگەن: «پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر» (ھۇد سۈرىسى، 107-ئايەت). يەنە:«پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر» (تەكۋىر سۈرىسى، 29-ئايەت).

ئاللاھ خالىغىنى قىلىدىغان، ھۆكمىنى ھېچ بىرى بۇزالمايدىغان ۋە تەقدىرىنى ھېچ بىرسى قايتۇرۇۋېتەلمەيدىغان بولغاچقا، مۇسۇلمان كىشى ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، بەلكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئىنتىلىپ ئۈمىدۋار بولىشى لازىم.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق چەكسىز ئىرادە بولسىمۇ، ھېچ بىر ئىنسانغا زۇلۇم قىلمايدۇ:«ئاللاھ جاھان ئەھلىگە زۇلۇم قىلىشنى خالىمايدۇ» (ئال ئىمران سۈرىسى، 108-ئايەت). ئاللاھ بەزى ئىنسانغا كەڭرى نېمەت

ئاتا قىلىدۇ، يەنە بەزىسىگە سىقىپ بېرىدۇ. بەزىسىنى كېسەل قىلىدۇ، يەنە بەزىسىنى ساغلام قىلىدۇ، بۇنىڭدا زۇلۇم يوق، بۇ بىر سىناقتىن ئىبارەت. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئۆزى بىلىدىغان ئىلاھى ھېكمەتكە ئۇيغۇن ھالدا خالىغان نەرسە بىلەن سىنايدۇ.

3.تەقدىرنىڭ مەنىسى ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى ئەزەلدىن بىلىپ تۇرىدىغان ئىلمى، قازا بولسا ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ دەل ۋاقتىدا پەيدا بولىدىغانلىقى بولسا، ئاللاھنىڭ ئىلمى ئىچىپ بەرگۈچى بولۇپ مەجبۇرلىمايدۇ. ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئىشلاردىن ئىنسان ھېسابقا تارتىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك بالا، ساراڭ ۋە ئىرادىسى يوق مەجبۇرلانغان ئادەملەر قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ھېسابقا تارتىلمايدۇ.

4.ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىرادىسىنى تەكىتلىگەن قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە سەل قارىمايدۇ. ئىنسان ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغان بولغاچقا، ئاللاھ ئىنسانغا ئىرادە قىلىدىغان ۋە

تاللىيالايدىغان ۋە شۇ ئاساستا مۇكاپات ياكى جازا بىلەن ھېسابقا تارتىلىدىغان ئىرادە ئاتا قىلغان. ئىنساندا ئىرادە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىختىيارى ئىشلار ئارىسىنى ئەركىن تاللىيالايدۇ:«خالىغان كىشى ئىمان يولىنى تاللىسۇن، خالىغان كىشى كۇپرى يولىنى تاللىسۇن، ئىختىيارى» (كەھف سۈرىسى،29-ئايەت)

5.ئاللاھ ئىنساننى ئەقلى نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ھېس قىلالايدىغان، ۋەھيي ۋە كۆرسەتمىلەرنى چۈشىنەلەيدىغان ئەقىل بىلەن تەمىنلىگەن:«ئەقىل يۈرگۈزىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار» (نەھل، 12-ئايەت).

يەنە ئاللاھ ئىنسانلارنى نۇرغۇن ئىمكانىيەت، ئىقتىدار، ئېنېرگىيە، تەسەۋۋۇر ۋە گۈزەللىك بىلەن تەمىنلىگەن. شۇنداقلا ساپ-سۈزۈك، ساغلام خاراكتېر بىلەن تەمىنلىگەن. ئىنسان ئىمان ۋە ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىش ۋە توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ئىقتىدارى بىلەن يارىتىلغان. ئىنساننىڭ ساغلام خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتمىسە ياكى بۇلغىنىپ كەتمىسە ياخشىلىقتا باشلايدۇ:

«توغرا دىن ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتقۇچىنى تونۇيدىغان ساغلام خاراكتېرىدە ياراتقان. ئاللاھ ياراتقان ساغلام توغرا خاراكتېرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، مانا مۇشۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ» (رۇم، 30-ئايەت).

شۇنداقلا ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتمەي ۋە كىتاب چۈشۈرمەي تۇرۇپ ھېچقانداق بىر ئىنساننى جازالىمايدۇ: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق» (ئىسرا سۈرىسى، 15-ئايەت).

6.ئىنسان ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېسابقا تارتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەركىن ئىرادىگە ئىگە بولىشى كېرەك، بولمىسا ئىرادە قىلمىغان ئىشلارغا ھېسابقا تارتىش زۇلۇم قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ، ھالبۇكى ئاللاھ ھېچ بىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ئىنسان ئۆزى قىلغان ئىشلارغا تەقدىرنى باھانە قىلىپ كۆرسەتسە بولمايدۇ. ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىش ئىكەن دەپ باھانە قىلسا، ئاللاھنىڭ نېمىنى تەقدىر قىلغانلىقىنى

بىلمەيدۇ. ئىنساندىكى ئەقىل، ئىرادە ۋە ئىقتىدار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ كاپىر بولغانلىقى ۋە ئېزىپ كەتكەنلىكىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويغان ئادەملەرنى ئاللاھ قاتتىق ئەيىبلىگەن: «مۇشرىكلار:«ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى(بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، ئاللاھقا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر» (ئەنئام سۈرىسى، 148-ئايەت). يەنى ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىنى نەدىن بىلدىڭلار؟ ئاللاھنىڭ سىلەرنى كۇپۇرلۇق ۋە ئازغۇنلۇققا مەجبۇرلىغىنىنى قەيەردىن بىلدىڭلار؟ سىلەر ئاللاھقا يالغاننى چاپلاۋاتىسىلەر، ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتىسىلەر، شۇڭا سىلەر ئازابقا ھەقلىق.

ئەگەر بىر ئىنسان: ئاللاھ ھەممە ئىشلارنى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىلىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن بىزدىن ھېساب ئالىدۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب: بىزگە ھۆججەت تۇرغۇزۇش ئۈچۈندۇر.

ئىنسانىنىڭ ئەمەلىي رېئاللىقىغا قارايدىغان بولساق ئىنسانىنىڭ ئەركىن ئىرادىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئىنسان بىرەر ئىشتا ئۇتۇق قازانسا، مەن مۇنداق قىلدىم دەپ پەزىلەتنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىدۇ. لېكىن ئېزىپ كېتىپ قالسا ياكى ئاسىيلىق قىلىپ قالسا، مەسئۇلىيەتنى ئاللاھقا يۈكلەپ قويىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟

ئىنسان رىزقى، مال-دۇنيا ۋە پايدىلىق ئىشلاردا ئۆزلۈكسىز تېرىشىدۇ ۋە ئىزدىنىدۇ، بىراق ھىدايەت ۋە ياخشىلىق بولىدىغان ئىشلاردا ئۇنچىۋالا جىددى تېرىشىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە خاتا يولنى ئۆزى تاللاپ تۇرۇپ، ئېزىپ كېتىش سەۋەبىنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىدۇ. بۇ نېمىدىگەن ئىنساپسىزلىق ھە!؟

كېسەل بولۇپ قالسا داۋالىنىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىدۇ، بۇ چاغدا ئاللاھ تەقدىر قىلىپتىكەن دېمەيدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ھىدايەت ۋە ياخشىلىق تەلەپ قىلىشتا جىسمىنى داۋالاشقا ئۇرۇنغاندەك روھىنى داۋالاشقا ئۇرۇنمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىشلار ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت، تاللاش ۋە ئىراده ھەقىقەتلىرىنى ئەقلى ۋە تۇيغۇ جەھەتتىن ھېس قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانغا قارىتا ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇپ بولدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى كائىناتتا ئاللاھ ئىراده قىلمىغان ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھ يۈز بېرىدۇ دەپ بىلگەن ئىشلارنىڭ ۋاقتىدىن كېچىكىپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىشىمىزنى توسمايدۇ. كائىناتتا ئاللاھ بىلمەي قالىدىغان ياكى ئىرادىسىگە بويسۇنماي يۈز بېرىپ قالىدىغان بىرەر ئىش مەۋجۇد ئەمەس. ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ:«پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشىغا

باغلىقتۇر).ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (ئىنسان، 30-ئايەت).

7.قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ياخشى ئىستىمال قىلىپ تەشەككۇر بىلدۇرگەنلەرنى ماختىدى. ئاللاھ ئىنسانلارنى سىناش مەقسىتىدە ياراتقانلىقى ئۈچۈن ئىنساننى رەھمەت ئېيتقۇچىلاردىن بولۇشقا تەشەببۇس قىلىشى تەبىئىي. شۇڭا ئاللاھغا رەھمەت ئېيتىش توغرىسىدىكى سۆز قۇرئاندا 75 قېتىم كەلگەن. سىناقتىن ئىبارەت بۇ ھاياتتا قۇرئان سەۋر قىلىشقا قىزىقتۇردى ۋە سەۋر قىلغۇچىلارنى مەدھىيىلىدى.قۇرئاندا سەۋر قىلىش دېگەن سۆز 100 قېتىمدىن ئارتۇق كەلگەن.

8.تەقدىر ئەقىدىسىگە قارىتا مۇھىم ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ بىزلەردىن بوشىشىپ ھەم ئاجىزلاپ قالماي، شەرىئىتى ۋە كۆرسەتمىسىگە قارىتا بۇ كائىناتتا ھەرىكەت قىلىشىمىزنى ئىرادە قىلغان: «(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ

دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى، 105-ئايەت).

9.قۇرئان ئۆلۈمدىن قورقۇش مەسىلىسىنى كىشىنى بىر تەرەپ قىلىشۇەتتى. ئۆلۈم چوقۇم ھەر بىر ئىنساننىڭ بېشىغا بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا كېلىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، شەرەپلىك ۋە ئىززەتلىك ئۆلۈم بولسا ئاشىق بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ نۇقتىنى ئۇن نەچچە ئايەتلەردە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەكىتلىگەن:«ھېچ كىشى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئۆلمەيدۇ، ئاللاھ ھەر ئادەمنىڭ ئەجىلىنى پۈتۈۋەتكەن (ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچاقلىق ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ)» (ئال ئىمران سۈرىسى، 145-ئايەت).

شۇنداقلا قۇرئان كەرىم رىزىق توغرىسىدا خاتىرجەم بولۇشقا تەشەببۇس قىلىپ، ياخشى ئىشلاردا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشقا چاقىرغان، چۈنكى رىزىق ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدىغان نېمەتتۇر. رىزىققا ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋەبىنى قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھەسسىلەپ بېرىدۇ. باشقىلارغا تەۋە نەرسە ساڭا

كېلىپ قالمايدۇ، ساڭا تەۋە نەرسە باشقىلارغا كېتىپ قالمايدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى خېلى كۆپ ئايەتلەردە ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، قۇرئاننىڭ تەقدىر ئەقىدىسى ئەمەلىي ئەقىدە بولۇپ، ئىنساننى زېمىندىكى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ئىتتىرىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى نېمەت ۋە كەمبەغەللىك بىلەن سىنايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھقا تەشەككۇر بىلدۈرۈشى ياكى سەۋر قىلىشى كېرەك. ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى پۈتۈلۈپ كەتكەن بولغاچقا ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇقتىن قورقماسلىقى كېرەك. رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ بولغاچقا ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نەرسىنى ياخشى يوللاردا ئىشلىتىشى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدىغان زات بولغاچقا مۇسۇلمان كىشى ئۈمىدسىز بولماسلىقى كېرەك. ئاللاھ ئىنسانغا تاللاش ئەركىنلىكى ۋە ھەر بىرىگە تاللىغىنىنى قىلىشقا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغان بولغاچقا، ئىنسان مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، زېمىندا تارتقان جاپاسىنىڭ نەتىجىسى بەدىلىگە جەننەت ياكى دوزاخنى كۈتۈشى كېرەك.

قۇرئانىدىكى تەقدىر ئەقىدىسى ناھايىتى روشەن ئەقىدە:«ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان)نەسىھەتتۇر. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر» (تەكۋىر، 26-29-ئايەتلەر).

بۇ ئايەت ئىنساننىڭ ئىختىيارى قىلمىشلىرىدا ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئىنساننىڭ ئىرادىسى بار يەردە، ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولماي قالامدۇ؟ ئىنساننىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ سايىسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ.

تەقدىر مەسىلىسىدە، ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىق سۈپىتىگە ئاساسەن ئالدىنبۇرۇن تەقدىر قىلىۋەتكەنلىكى، ھەممە ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ھەممە ئىشلارنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىگە تەقدىر مەسىلىسىنى چۈشىنىش ئاسان.

(2)

## ئىسلام پەلسەپىسى تارىخنى ئىزاھلاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا تايىنىدۇ

1.ئاڭ-ئىدىيە دەسلەپتە پەيدا بولىدۇ. ئاڭ-ئىدىيە بەزىدە توغرا بولىدۇ، يەنە بەزىدە خاتا بولىدۇ. توغرا بولسا ئۇنۇم قازىنىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ.

2.توغرا ئاڭ-ئىدىيە بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك ۋە ھەرىكەت تەڭ قەدەمدە مەۋجۇت بولىشى لازىم.

3.يۇقىرىقىلارنى ئاللاھنىڭ غالىب ئۆتكۈر ئىرادىسى ئاللاھ كائىناتتا بەلگىلىگەن قانۇنىيەت ئىچىدە قورشاپ تۇرىدۇ:

(1).ئەگەر ئاڭ-ئىدىيە توغرا بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئاڭ-ئىدىيە بىلەن ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە توغرا ماسلىشىپ بەرسە، ئۇ چاغدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى:«كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ» (ھەج سۈرىسى، 40-ئايەت). «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز

جامـــائەت كـــۆپ جامـــائەت ئۈســـتىدىن غەلـــىبە قىلغـــان ئەھۋاللار نىمە دىگەن كۆپ»(بەقەر سۈرىسى، 249-ئايەت).

(2).ئەگەر ئاڭ-ئىدىيە توغرا بولۇپ، ماسلىشىش ۋە كـۈچ چىقىـرىش بولمىسـا يـاكى يـوق ھېسـابتا بولسـا، ئـۇ چاغـــدىكى ئاللاھنىـــڭ قـــانۇنىيىتى:«ســـىلەرگە (يەنـــى جىـنىـڭلار يـاكى مىـلـىـڭلارغـا) ھەرقانـداق بىـر مۇسـىبەت يەتســە، ئــۇ ســىلەرنىڭ قىلغــان گۇنــاھىڭلار تۈپەيلىــدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپــۇ قىلمايــدىغان بولســا، بــالا ۋە مۇســىبەتتىن ھــېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار) (شۇرا سۈرىسى، 30-ئايەت).

(3). ئەگەر ئاڭ-ئىدىيە خاتـا بولـۇپ، ماسلىشىش ۋە كـۈچ چىقىـرىش كۈچلـۈك بولسـا ۋە تـوغرا ئـاڭ-ئىـدىيىگە ئۇچرىمىغان بولسا، ئـۇ چاغـدىكى ئاللاھنىـڭ قـانۇنىيىتى: غەلىبە خاتا ئىدىيە ئىگىلىرىگە بولىدۇ، چـۈنكى ئـۇلار ماددى جەھەتتىن يېتەرلىك كـۈچ چىقارغـان ۋە مۇناسىپ ئاڭ-ئىدىيىگە ئۇچرىمىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ غەلىبىسى ئۆزۈنغا بارمايدۇ.

(4). ئەگەر بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشۇۋاتقان ئىككى خىل ئىدىيە خاتا بولسا، غەلىبە كۆپچىلىك كۆپ چىقارغان كىچىككە مەنسۇپ بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۆتكۈر ئىرادىسى ئاستىدا بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بىر ئىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا بول دەيدۇ، شەكسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمىنى قايتۇرۇۋېتىدىغان بىرەر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

دېمەك، ئاز ساندىكى مۆمىنلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى خالىس ۋە راستچىل ئىماننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، كىچىنىڭ يېتىشىچە ماددى جەھەتتىن تەييارلىق كۆرگەنلەرگە نېسىپ بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى ئىشنىڭ بىرسى تېپىلمىسا، غەلىبە قولغا كەلمەيدۇ:«بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، تۆمۈر كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار. ئاللاھ ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھقا ۋە

پەيغەمبەرلەرنىگە يارەدەم بەرگەنلەرنى بىلىش(مەلۇم قىلىش)ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر» (ھەدىد سۈرىسى، 25-ئايەت).

***

# پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر توغرىسىدا

(1)

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى

ئاللاھ ھەر بىر ئىنسانغا بۈيۈك تەۋھىد ھەقىقەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئويلىنىدىغان ئەقىل ۋە ساغلام خاراكتېر ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئىنسان ئەقلى ۋە خاراكتېرىگە تايىنىپ غەيبى (مېتافىزىكا) ھەقىقەتلەر، ئاللاھنىڭ كامالەت سۈپەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىنسانلاردىن ئىرادە قىلغان ئىبادەت ۋە ئىتائەتلەرنى تولۇق بىلىشكە يېتەلمەيدۇ. ئىنسان ھاياتىدا ئەقىلنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە رولى بولسىمۇ، بىراق ئىماننىڭ ھەقىقەتلىرى، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەت ۋە شەرئى ئەھكاملارنىڭ تەپسىلاتىغا ئەقىل ئۆزى يالغۇز قانائەتلەنگۈدەك ۋە كۆڭۈلنى خاتىرجەم بولغىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشى زۆرۈر ۋە مۇھىمدۇر.

ئاللاھ كۆرسەتمە ۋە تەلىماتلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر قىسىم ئىنسانلارنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى، ئۇلارنى ئىنسانىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزدى. گۇناھ، جىنايەت ۋە ئىستىلىدىكى بۇرۇلۇشلاردىن ئۇلارنى ساقلىدى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتە ئۇلارنى خاتالىقتىن ساقلىدى ۋە مۆجىزىلەر بىلەن قوللىدى. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارغا بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەر ئەۋەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئىنسانلار ئاللاھغا نېمە ئۈچۈن سېنىڭ كۆرسەتمىلىرىڭنى يەتكۈزىدىغان ئىنسانلارنى ئەۋەتمىدىڭ دەپ باھانە كۆرسەتكەن بولار ئىدى: «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر(يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن)خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (نىسا سۈرىسى، 165-ئايەت).

ئـــاللاھ ئەۋەتــكەن پەيغەمـــبەرلەردە خاتـــالىقنىـن ســـاقلىنىش بولمايـــدىغان بولســـا، تۇيغـــۇ ۋە شەخســـى قاراشلىرى ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن بولاتتى، بەزى رەزىـل ئىشــلارنى قىلىـپ سېلىشـى مـۇمكىن ئىـدى. نەتىجىــدە مۇكەممەل ئىسلاھاتچى ۋە گۈزەل ئۈلگە بولۇشتىكى مۇھىم سـۈپەتنى يوقاتقــان بــولاتتى. شــۇنىڭ ئۈچــۈن ئىنســانلار ئىلاھــى ۋەھــيي ئـارقىلىق تـوغرا يـول كۆرسـىتىدىغان ۋە يېتەكلەيــدىغان پەيغەمـــبەرلەرگە ئېھتىيـــاجلىق:«بىـــز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىـلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئـۇلار بىـلەن بىللـە، ئىنسـانلار ئـادالەتنى بەرپـا قىلســۇن دەپ، كىتــابنى، قــانۇننى چۈشــۈردۇق» (ھەدىــد سۈرىسى، 25ـ ئايەت).

دېــمەك، پەيغەمـــبەرلەرگە ئىشــىنىش مەسىلىســى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە، چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئاللاھنىـڭ كۆرســـەتمە ۋە يوليـــورۇقلىرىنى ئىنســـانلارغا يەتكــۈزۈپ بېرىـدىغان ئـاللاھ بىـلەن ئىنسـانلار ئارىسـىدىكى ۋاسـىتە. شـۇنىڭ ئۈچـۈن پەيغەمـبەرلەرگە ئىشـەنمەيدىغان ئىنسـان ئاللاھقا ئىشەنمىگەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ پەيغەمبەرلەر مەسىلىسىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن مۇلاھىزە قىلغىلى بولىدۇ:

1.قۇرئان كەرىمدىكى كۆپلىگەن ئايەتلەر بۇ مەسىلىنى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئاندا "رەسۇل"(ئەلچى)دېگەن سۆز 363قېتىم، "نەبى" (پەيغەمبەر) دېگەن سۆز 75 قېتىمدەك تەكرارلانغان. رەسۇل توغرىسىدا كۆپ توختالغان. "ئەلچى"دىن مەقسەت ئايرىم شەرىئەت ئېلىپ كەلگەن ۋە مۇستەقىل كىتاب بېرىلگەن پەيغەمبەردۇر. "پەيغەمبەر"دىن مەقسەت مۇستەقىل شەرىئەت ئېلىپ كەلمىگەن ۋە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرگە كەلگەن شەرىئەتنى تۇتۇپ ماڭىدىغان پەيغەمبەردۇر.

2.كۆپلىگەن ئايەتلەردە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنى ئاللاھقا ئىشىنىشكە باغلىغان:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى

نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا)ئىمان كەلتۈرۈشلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ»(نىسا سۈرىسى، 136-ئايەت).

(2)

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

1.پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئىنسانلارغا ئۆزگەرتمەستىن ياكى يوشۇرماستىن ئۆز ئەينى يەتكۈزۈشتۇر:«پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت (ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى) چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 18-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ياكى كۆرسەتمىلىرىنى يەتكۈزۈش دەۋەت قىلىش، بايان قىلىپ بېرىش ۋە توغرا يولغا كۆرسىتىپ قويۇش ئارقىلىق بولىدۇ. بەزىدە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئارقىلىق

بولىدۇ. بەزىدە ياخشىلىق بىلەن ۋەدە قىلىش (بىشارەت) ياكى ئازاب بىلەن قورقۇتۇش (ئاگاھلاندۇرۇش) ئارقىلىق بولىدۇ. شەرىئەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەزىدە جان ۋە مال بىلەن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، بەدەل تۆلەش ۋە كۈچ چىقىرىش ۋاجىپ بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

2.پەيغەمبەرلەرنىڭ چوڭ ۋەزىپىلىرى:

قۇرئان:«پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى(يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى(يەنى پاك سۈننەت ۋە شەرىئەتنىڭ سىرلىرىنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى(مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن)پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن دېدى»دەيدۇ (بەقەر، 129ـ ئايەت)

«ئاللاھ ئۆمىنلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ

بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى(يەنى شەرىئەتنىڭ سىرلىرى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ» (جۇمە سۈرىسى، 2-ئايەت).

بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ چوڭ ۋەزىپىلىرىنى تونۇشتۇرماقتا:

بىرىنچى: ئىلاھى ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش

ئىككىنچى: قىممەت-قاراش، پرىنسىپ ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى ئۆگىتىش. قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بۇ كىتاب گۈزەل ۋە يۇقىرى ھايات پەلسەپىسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى: ھېكمەتنى ئۆگىتىش. بۇ ئورۇندىكى ھېكمەتتىن مەقسەت كىتابنى رېئاللىققا ئەڭ ئىلغار پرىنسىپلار بىلەن چۈشۈرۈش (تەتبىقلاش). باشقىچە ئىپادىلىسەك ھۆكۈملەرنى ۋە ھۆكۈم چۈشىدىغان

رىئـالـلىقنى بىلىشتۇر. ھېكمەت دېگەن ئەمەل قىلىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتۇر.

تۆتىنچى:ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى پاكلاش. ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە كۆڭۈل ۋە شەيتان ئىنساننى تارتىپ تۇرىدۇ، بوشاڭلىق يېتىپ تۇرىدۇ ۋە غەپلەت باسىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا ياراتقۇچى ئاللاھ، ھايات، كائىنات ۋە ئاخىرەتكە قارىتا ئالاقىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن قەلبىنى پاكلاشقا ۋە ھايات دولقۇنلىرىدا ھازىر قەلب بىلەن ياشاشقا مۇھتاج بولىدۇ. مانا بۇلار قەلبنى پاك تۇتۇشنىڭ ۋەزىپىسى. قەلبنى پاك تۇتۇش بىلىم-مەرىپەت، ھېكمەت ۋە تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ قۇرۇلما ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسىنى مۆمىنلەر ئۈستىگە ئالىدۇ:«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ئال ئىمران سۈرىسى، 104-ئايەت).

(3)

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى

پەيغەمبەرلەر ئاللاھ تاللىغان ئىنسانلار بولۇپ، ئاللاھنىڭ دىنى ۋە كۆرسەتمىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا دەۋەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان تاللانما ئىنسانلار بولۇپ، ئاللاھ تەرىپىدىن مۆجىزىلەر بىلەن قوللاشقا ئېرىشىپ تۇرىدۇ. ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئەخلاقى ۋە ھاياتىدا گۈزەل ئۈلگە بولۇپ، ئۈممىتىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئۈممىتىنىڭ دىني ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىپ ماڭىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر خاراكتېرى ئۈستۈن، ئەقلى كامىل، راست سۆز، مەسئۇلىيەتنى يەتكۈزۈشتە ئىشەنچلىك، ئىنساني ئىستىلىنى سەت كۆرسىتىدىغان ئىشلاردىن پاك بولۇشتەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى لازىم.

قايسى بىر پەيغەمبەرنىڭ شەخسىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ يەككە-يېگانە شەخسلەر ئىكەنلىكىنى

كۆرەلەيمىز. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ شەخسىيىتى ھەر قايسى تەرەپتىن خاتالىقتىن ساقلىنىش بىلەن ھىمايە قىلىنىدۇ، ئەخلاقى ۋە ئىستىلىدا ئىنسانىي كامالەت بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىنى يەتكۈزۈشتە خاتالىقتىن ساقلىنىدۇ. بۇ سەۋىيەگە پەيغەمبەرلەردىن باشقىلار يېتەلمەيدۇ، مۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن ئىنسانلار پەيغەمبەر دېگەن دەۋاسىدا راستچىل بولىشى كېرەك.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا بىز ئېھتىياجلىق بولغان سۈپەتلەرنى كەڭرى سۆزلەپ بەرگەن.

1.ئىشەنچىلىك ۋە ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتىكى راستچىللىق:«ئۇ ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ» (نەجم سۈرىسى، 3-4-ئايەتلەر).

2.گۈزەل ئەخلاق: قۇرئان كەرىم ئۇلارنى ئەخلاقتا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن يەككە-يېگانە شەخسلەر دەپ سۈپەتلەپ بەردى: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك

ئەخلاققا ئېگىسەن»(قەلەم سۈرىسى، 4-ئايەت). ئۇلار دەۋەت يولىدا راستچىل، ساداقەتمەن، ئىخلاسمەن، ئىشەنچلىك، ئىپپەتلىك، كەمتەر، مۇلايىم ۋە قەيسەر سۈپەتلىرى بىلەن تونۇلغان.

3. زېرەك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە پاكىتى كۈچلۈك:

قۇرئاندا بۇنىڭ مىساللىرى كۆپ. پەيغەمبەرلەرگە پەزىلەت جەھەتتە ھېچقانداق بىر ئىنسان تەڭ تۇرالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىنسانىيەتنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە يېتەكلەشكە لايىق. پەيغەمبەرلەر چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سۇسلۇق قىلىش، بىرەرسىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كېتىش ياكى بەك يامان كۆرۈشتىن خالى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەتنى يېتەكلەش ۋەزىپىسىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە.

4.پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلىرى:

قۇرئان كەرىم تەۋھىدنى ھىمايەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەردىكى ئىنسانىي سۈپەتلەرنى تەكىتلىگەن.

ياراتقۇچى دېگەن ياراتقۇچى، مەخلۇق دېگەن مەخلۇق. مەخلۇق ھەر قانچە ئېسىل بولسىمۇ ھېچقاچان ئىلاھ بولۇشقا يارىمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ تاللانغان پەيغەمبەرلىرىنى ئاللاھ ياراتقان مەخلۇق دەپ سۈپەتلىگەن:«ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە:«ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار» دېيىشى لايىق بولمايدۇ (يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ)» (ئال ئىمران سۈرىسى، 79-ئايەت).

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ بەندىلىرى: «شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ» (قەسەس،56-ئايەت)

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىي تەبىئىيتى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش كېسەل بولۇش، ئاچ قېلىش،

چارچاش، يەپ-ئىچىش، ئىچى سىقىلىش ۋە غەم قىلىش... ھالەتلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

5. پەيغەمبەرلەر دىننى يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا مەسئۇمدۇر:

پەيغەمبەرلەر دىننى يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا مەسئۇم(خاتالىشىپ سالمايدۇ)، ئاللاھ ۋەھيي قىلغان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ ياكى كېمەيتىپ قويمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ ۋەھيي قىلغان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى يوشۇرۇپ قالمايدۇ. چۈنكى يوشۇرۇش خىيانەتتۇر، پەيغەمبەرلەرنىڭ خىيانەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس:«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 67-ئايەت).

ئەگەر ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يوشۇرۇپ ياكى ئۆزگەرتىپ قالسا دەرھال ئاللاھنىڭ جازاسىغا

ئۇچرايدۇ:«ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسىي قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق. سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى»ھاققە سۈرىسى،44-47-ئايەتلەر). پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتە خاتالاشمايدىغان-لىقىنىڭ دەلىلى:«ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ» (نەجم سۈرىسى،3-4-ئايەتلەر).

6.پەيغەمبەرلەردىن بەزى كىچىك سەۋەنلىكلەر يۈز بېرىدۇ:

قۇرئان كەرىم تەۋھىدنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەردىن يۈز بەرگەن بەزى كىچىك سەۋەنلىكلەرنى بايان قىلغان. پەرۋەردىگار دېگەن پەرۋەردىگار، ئىنسان دېگەن ئىنساندۇر. بۇ ئىنسانىي خاراكتېردىكى كۆرۈنۈشلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتالاشمايدىغانلىقىغا زىت كەلمەيدۇ:«يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. (ئى

مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ(سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن. ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن» (ئەبەسە سۈرىسى، 1-2-ئايەت).

ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن دىننى ئىنسانلارغا ساغلام يەتكۈزۈشكە ۋەدە ئالغان. پەيغەمبەرلەردىن يۈز بەرگەن بەزى كىچىك سەۋەنلىكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بىلەن ئالاقىسى يوق. پەيغەمبەرلەردىن كىچىك سەۋەنلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي خاراكتېرىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەرلەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئەھۋالدا ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك سەۋەنلىك بولسا، ئاللاھ دەرھال ۋەھيي چۈشۈرۈپ خاتا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىسلاھ قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەر كىچىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىمۇ ئىنسانىيەتنى يېتەكلەشكە بىردىن بىر لاياقەتلىك كىشىلەردۇر. بۇ كىچىك سەۋەنلىكلەر ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە يېتەكچىلىك ئورنىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. پەيغەمبەرلەر

يالغان سۆزلەش، خىيانەت قىلىش ۋە رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا ئوخشاش كىشىلەر قاچىدىغان گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن پاكتۇر.

(4)

## پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىملىرى

قۇرئان بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بايان قىلماي، بەزىسىنى بايان قىلغان. قۇرئان كەرىم بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېنىق بايان قىلغان، يەنە بەزىلەرنىڭكىنى ئېنىق بايان قىلمىغان، باشقا ئىشارەتلەردىن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلىنگەن.

قۇرئان كەرىم ئىسىملىرىنى ئېنىق بايان قىلغان پەيغەمبەرلەر: ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇپ، يۇسۇپ، شۇئەيب، ئەييۇپ، مۇسا، ھارۇن، داۋۇت، سۇلايمان، ئىلياس، يۇنۇس، يەھيا، ئەيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم تۆت پەيغەمبەرنى زىكىر قىلىپ، پەيغەمبەرلىكىنى ئالاھىدە ئېنىق بايان قىلمىغان.

ئۇلار:ئــــادەم، زۇلكىفــــل، ئىلىيەســــە ۋە زەكەرىيــــا ئەلەيهىسسالاملاردىن ئىبارەت. بۇ تۆت پەيغەمبەر توغرىسىدا ئېنىق بايان كەلمىگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغانلىقى پەيغەمبەرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئــان كەرىــم پەيغەمبەرلەرنىــڭ تىزىملىكىــدىن باشـقا يەنە ئـۈچ ئىســمنى ئـايرىم تىلغـا ئېلىــپ، ئۇلارنىــڭ پەيغەمــبەرلىكىگە ئىشــارەت قىلمىغــان. ئــۇلار: لوقمــان، زۇلقەرنەيىن ۋەخىزىردىن ئىبارەت.

1.لوقمـان توغرىسـىدا كەلـگەن ئـايەتلەر، ئۇنىڭغـا هىــدايەتنىڭ بېرىلگەنلىكــى ئۇنىـــڭ پەيغەمبەرلىكىنـــى كۆرسـتىدۇ:«بىــز لوقمانغــا هەقىــقەتەن هــېكمەت ئاتــا قىلــدۇق» (لوقمـــان سۈرىســـى، 12ـئـــايەت). لوقمانغــا بېرىلگەن هېكمەتتە تەۋهىد، ئەدەب-ئەخلاق، ناماز، ياخشى ئىشــلارغا بــۇيرۇش ۋە يامــان ئىشــلاردىن توســۇش زىكىــر قىلىنغــان. بــۇلار ئۇنىـــڭ پەيغەمـــبەرلىكىگە ۋە شــەرىئەت ئېلىپ كەلگەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ.

2.زۇلقەرنەيىن:زۇلقەرنەيـــــن توغرىســـــدا پەيغەمــبەرلىكىگە ئېنىــق ئىشــارەت يــوق. بىــراق كەهــف

سۈرىسىدىكى86-88-ئايەتلەر ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىۋاستە خىتاب قىلغانلىقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

3.خىزىر:قۇرئان كەرىم ئۇ توغرىدا بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن. بۇ مەلۇماتلارنىڭ ئاخىرىدا:«ئۇنى (يەنى يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشنى) مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە قىلغىنىم يوق (بەلكى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىلھامى بىلەن قىلدىم)» دېگەن.(كەھف سۈرىسى، 82-ئايەت). مانا بۇ ئايەت ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە كۈچلۈك بەلگە. بولۇپمۇ بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسى، ۋەھىي كەلمىسە ئۇنداق قىلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ.

(5)

## پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىق پاكىتلىرى

ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە يۈكلىگەن ۋەزىپە ناھايىتى چوڭ ۋە مۇھىم ۋەزىپىدۇر، شۇڭا ئۇ كۈچلۈك دەلىل-پاكىتلارغا مۇھتاج:«ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر- لەردىن

كىيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر(يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن)خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (نىسا سۈرىسى، 165-ئايەت).

راستچىل پەيغەمبەرنىڭ يالغاندىن پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغۇچىدىن ئايرىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى مۆجىزىلەر بىلەن قوللىغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى ۋە ھاياتى پەيغەمبەرلىكىگە ئېنىق دەلىل بولسىمۇ، تەرسا ۋە مۇتەكەببىر ئادەملەرگە باھانە قويماسلىق ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى مۆجىزىلەر بىلەن قوللاپ تەستىقلىغان. مۆجىزە پەيغەمبەردىن باشقا مەخلۇقنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن ئادەتتىن تاشقىرى خاراكتېردىكى مۆجىزە ئىنكار قىلغۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ كېلىدۇ. ھېچقانداق بىر ئىنسان مۆجىزىگە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ:

«ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»(ئىسرا سۈرىسى،88-ئايەت) پەيغەمبەرلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن مۆجىزىلەر شەك-گۇمانىنى يوقىتىش ۋە راستچىللىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېلىدۇ، شۇنداقلا جەڭ ئېلان قىلىپ كېلىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقى ئۈچۈن مۆجىزىنىڭ بولىشى زۆرۈر مەسىلە، پەيغەمبەر ئۆزىنى تەستىقلايدىغان ۋە قوللايدىغان مۆجىزىگە مۇھتاج. مۆجىزە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ۋە قورالى. مۆجىزە سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان كىملىك ياكى پاسپورتقا ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئادىتى يالغانچىلارنى قوللىمايدىغانلىقى، بەلكى رەسۋا قىلىپ تاشلايدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان.

مۆجىزە ئەقلى جەھەتتىن مۇمكىن بولىدىغان ۋە ئەمەلىي يۈز بەرگەن ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىدۇر. كائىنات قانۇنىيەتلىرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ماددى ۋە

مەنىۋى مۆجىزە پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىغا پاكىت بولۇپ، ھەقىقەت ئىزدىگۈچىنى ئىنىق ھۆججەت ۋە روشەن ھەقىقەت ئالدىدا قويىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەردىن باشقا ئىنسانلار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ.

مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەقىل مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىمايدۇ، چۈنكى تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىزگە تونۇشلۇق شەكلىدە داۋاملىشىشى ئەقلىي جەھەتتىن زۆرۈر نەرسە ئەمەس، ئۇ بىز ئادەتلەنگەن نەرسىدۇر.

ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، مۆجىزىگە ئىشىنىش لازىم. مۆجىزىنى ئىنكار قىلىش پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىم پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلسا ئازغۇنلۇق بولىدۇ.

ئەقىل ۋە بىلىم مەرىپەت مۆجىزىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىمايدۇ، چۈنكى ئەقىل ۋە بىلىم-مەرىپەت كەسكىن پاكىتلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئاللاھنىڭ نەرسىلەرنى، سەۋەبلىرىنى ۋە ئىنتىزامىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى روشەنلەشتۈرۈپ بەردى.

ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىر، كائىناتنىڭ ئاچقۇچى ئاللاھنىڭ قولىدا، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدىغان زات. كائىناتنى ياراتقان زاتنىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا خالىغان نەرسىنى ۋەھيي قىلىپ، ئۇلارنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى جارى قىلدۇرۇشى تەس ئىش ئەمەس.

مۆجىزە كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرۈپ توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن يۈز بېرىدىغان بولغاچقا ھېكمەت ۋە مەنپەئەتتىن خالى ئەمەس. ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەردىن باشقىسى مۆجىزىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

***

# ۋەھيي ۋە ساماۋى كىتابلار توغرىسىدا

(1)

## ۋەھيي توغرىسىدا

ياراتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ياراتقۇچى زات بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ئالاقىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ياراتقۇچى زات بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقە پەيغەمبەرلىك، ۋەھيي، شەرىئەت ۋە ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن كىتابتا نامايان بولىدۇ. ۋەھيىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن مەسىلە، ئەقىل ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ، چۈنكى غەيبى (مېتافىزىكا) دۇنياسى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يول بولۇشى لازىم. غەيبى ئالەمنىڭ خەۋەرلىرىنى ماددى دۇنياغا يەتكۈزىدىغان يول ۋەھيىدىن ئىبارەت. ئەگەر ۋەھيي بولمىغان بولسا ئەقىل دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنىڭ تەپسىلاتىغا يېتەلمىگەن بولاتتى. ياراتقۇچىدىن يوليورۇق تاپشۇرۇۋېلىش، ئىنساندىكى روھيي تەرەپنى چۈشىنىش ۋە بۇ تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىگە ۋە پەيغەمبەرلىككە ئىنسانىنىڭ

ئېھتىياجى بار. ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسى نېمە ۋە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن قانداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا ئېنىق روشەن جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋەھيي ۋە ئىلاھىي كۆرسەتمىگە ئېھتىياج بار. بۈگۈنكى تېز ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرى ۋەھيىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئەقلىمىزگە يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ۋەھيي پەيغەمبەرلىك ۋە شەرىئەت تايىنىدىغان بىرىنچى ئاساستۇر. (غەيبىي (مېتافىزىكا) خەۋەرلىرى، ئەقىدە مەسىلىلىرى ۋە قانۇن ئەھكاملىرىنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر. چۈنكى ۋەھيي ئۆزلىكىدىن ئويلىنىپ ئەقىلگە تايىنىپ قانۇن يولغا قويىدىغان ئىنسان بىلەن ئاشۇرماستىن ياكى كېمەيتمەستىن ياكى ئۆزگەرمەستىن ئۆز پېتى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى يەتكۈزىدىغان ئىنسان ئارىسىدىكى ھالقىلىق بىردىن-بىر پەرقتۇر.

ۋەھيي غەيبى ئالەمدىن ماددى ئالەمگە يۈزلىنىپ، ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلماقچى بولغان مەرىپەتنىڭ ئەڭ ساغلام يولى. مەسىلەن، ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئىنسان ئەقلىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، ۋەھيىنىڭ كۆرسەتمىسى.

## (2)

## ۋەھيىنىڭ مەنىسى

ۋەھيي مەسىلىسى خالىس غەيبىي (مېتافىزىكا) مەسىلە. ۋەھيي دېگەن ئىنسانلار ئادەتلەنمىگەن مەخپىي يول بىلەن پەيغەمبەرگە ئاللاھ تەرەپتىن رىسالە (ۋەزىپە) يەتكۈزۈش دېگەن مەنىدە. باشقىچە تونۇشتۇرغاندا بىرەر پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. ۋەھيىدىن ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك تەرىپى پەقەت تەستىقلاشتۇر.

ۋەھيي دېگەن سۆز قۇرئاندا 78 قېتىم ئەتراپىدا كەلگەن، بىراق ۋەھيىنىڭ غەيبىي تەرىپى تەپسىلاتتىن خالى. قۇرئان كەرىم ۋەھيي توغرىسىدا سۆزلىگەندە تەستىقلاش ياكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە يەتكۈزۈش نۇقتىسىدىن سۆزلىگەن. بىراق ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا بايانلار ئاز كەلگەن:«ئاللاھ ھەر قانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيي ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىنى ۋەھيي قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللاھ

ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (شۇرا، 51-ئايەت).

بۇ ئايەت پەيغەمبەرنىڭ ۋەھيىنى ئاللاھدىن قوبۇل قىلىش يوللىرىنى ئۈچ تۈرلۈك دەپ بەلگىلەپ بەرگەن:

بىرىنچى تۈرىدىكى ۋەھيىدىن مەقسەت ئىلھامدۇر، يەنى ئاللاھ بىرەر مەزمۇننى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشمىغان كەتمىگۈدەك دەرىجىدە روشەن سالىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە نىسبەتەن چۈشمۇ ۋەھيىنىڭ بىر تۈرى. سۈننەت (ھەدىس شەرىپ) مۇشۇ ئىلھام يولى ئارقىلىق ۋەھيي قىلىنغان.

ئىككىنچى تۈرى: ئۆزىنى كۆرسەتمەي پەردىنىڭ ئارقىسىدىن پەيغەمبەرگە خىتاب قىلىدۇ: «بىز ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا (بىۋاستە) سۆز قىلغان چاغدا: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆزۈڭنى كۆرسەتكىن، سېنى بىر كۆرەي» دېدى. ئاللاھ: «مېنى (بۇ دۇنيادا) ھەرگىز كۆرەلمەيسەن» دېگەن (ئەئراف سۈرىسى، 143-ئايەت). ئاللاھنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تۇر تېغىدا

ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسرا-مىراج كېچىسى بىۋاستە سۆز قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئۈچىنچى تۈرى: ۋەھيىگە مەسئۇل پەرىشتە ئارقىلىق ۋەھيى قىلىش، يەنى پەرىشتە ۋەھيى ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەرگە يەتكۈزىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ تۈرنى ئوچۇق بايان قىلغان:«شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى» (شۇئەرا سۈرىسى، 192-194-ئايەتلەر). قۇرئان باشتىن ئاخىرغىچە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ئويغاق ۋاقتىدا نازىل بولغان.

(3)

## ۋەھيينىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

1.ۋەھيينىڭ مەنبەسى ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ:

ۋەھيينىڭ مەنبەسى ئاللاھنىڭ ئىلمىدۇر، ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەقىقەتكە يېتىشكە بىرەر ۋاستە بىلەن پايدىلىنىشتىن بىھاجەت.

ۋەھيي ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاللاھ تاللىغان پەيغەمبەرگە كېلىدۇ. ۋەھيينى زامان ۋە ماكان جەھەتتىن ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا نازىل بولىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ رىغبىتىگە بويسۇنمايدۇ. ۋەھييدىن كەلگەن مەرىپەت ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشەنچىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن توغرا بىلەن خاتالىقنىڭ يەنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ.

2.ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن مەرىپەت ئىنسانلار ئۈچۈن تولۇق ھىدايەت ۋە مەڭگۈلۈكتۇر، شۇنداقلا ھەر زامان ۋە ھەر ماكاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۈنكى ئۇ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى

زاتىنىڭ قېشىدىن كەلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھيي زامان، ماكان ۋە مۇھىت بىلەن تەسىرلىنىپ قالمىغان. ۋەھيىنىڭ مەرىپەتتى ئىلاھى ھەقىقەت، يارىتىلغان كائىنات ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ۋەھيي ئىنسان يارىتىلىشىنىڭ باشلىنىشى، نەتىجىسى، مەۋجۇدىيەت سىرى ۋە قىممەت-قاراش ئىزاھاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

3.ۋەھيي تەكپۈكلۈق ۋە مۇقىملىقتا ئىگە:

ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيي ھاۋايى-ھەۋەس، شەخسى خاھىشلاردىن ۋە شارائىتقا قارىتا ئۆزگىرىشتىن پاكتۇر. ۋەھيىنىڭ چۈشۈشى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانىنىڭ شارائىتىنى بىلىپ تۇرىدىغان زاتنىڭ بىلىشى ئاساسىدا چۈشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى مۇقىم. ۋەھيىنىڭ ئاساسلىرى مۇقىم بولۇپ ھەر قانداق شارائىتلار بىلەن ماسلىشالايدۇ. ۋەھيىنىڭ بۇ مۇقىملىقى ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى بولۇشتا تەكپۈكلۈقنى شەكىللەندۈرگەن. چۈنكى ھەقىقەتنىڭ

مەنبەسى ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم بولىشى ۋە ھەممە نەرسىگە قارىتا تەڭپۇڭ بولىشى لازىم. ۋەھىي مۇقىم بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ خاھىشىغا قاراپ ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، قىممەت-قاراشنىڭ ئاساسلىرى مۇقىم. ۋەھىي تەقدىم قىلىۋاتقان مەرىپەت مۇتلەق ئىشەنچىلىكتۇر.

4. ۋەھىي ئەمەلىي ۋە ئىجابىيدۇر:

ۋەھىي ئىنساننى مەۋجۇدىيەت ھەقىقەتلىرى، ئىزباسارلىق شەكىللىرى؛ ئىمان، مەرىپەت ۋە ئىۋىلىنىش مەسىلىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ۋەھىي رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلگەن، چۈنكى ئۇ رېئاللىقتا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن نازىل بولغان ئەمەلىي بىلىم-مەرىپەت. شۇڭا ۋەھىي ئىنسانلار ھاياتىدا ھەقىقەت بىلەن ناھەقچىلىق ئارىسىنى ئايرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىنساندىكى مەرىپەت ۋە ئاڭقىرىش ۋاستىلىرى سەل قارالغاندا قۇرئان ئۇنى ئەيىبلىگەن، ئەمەل قىلىنمايدىغان قانداقلىكى بىلىم-مەرىپەت بولسۇن ۋەھىيدە ئەيىبلىنىدۇ. ۋەھىيدە ئەمەل قىلىش بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئاساسي.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاھى مىتود ئەمەلىي بولۇپ، ئىنساننىڭ پىكرىنى ئىسراپخورلۇقتىن قەلبى ئىجابىي ئەمەل قىلىشقا، كائىناتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ياكى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئەزالىرىنى ئىشقا سېلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. بۇ مىتود تەكشۈرۈلۈق، كائىنات بىلەن ماسلىشىش ۋە ئىنسانىي مەرىپەت ئومۇمىيلىقىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئەمەلىي، ئىجابىي ۋە تەكشۈرۈش مىتودتىن چەتنەش پىكرىي ياكى پىسخىكا ياكى ئەمەلىي جەھەتتىن داۋالغۇشنىڭ سەۋەبىدۇر.

5. ۋەھىينىڭ يولى خاستۇر: چۈنكى ۋەھىي ئاللاھ تاللىغان ۋە شەرىئەتنى كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان بەزى ئىنسانلارغا خاس يول. بىر ئىنسان ئەقلىي، تىرىشچانلىقى ۋە ھېس قىلىش كۈچى ئارقىلىق ۋەھىينى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. بىر ئادەم ھەر قانچە تىرىشىپمۇ پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھىي قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ.

6. ۋەھىينىڭ غايىسىمۇ خاس:

قۇرئـــان كەرىـــم ۋەھىيىنىـــڭ ئىككـــى تۈرلـــۈك غايىســىنى ئېنىــق بايـان قىلغـان. بىرىنچىسـى:ئاللاھنى تونــۇش ۋە يېقىنلىشــىش. ئىككىنچىســى: ئىنســانىيەت جەمئىيىتىـــدە ئـــادالەتنى تۇرغـــۇزۇش. دېـــمەك، ۋەھيـــي ئـاللاھنى تونۇشـتۇرۇش، ئـادالەتنى تۇرغـۇزۇش يـوللىرىنى بىلـــدۈرۈش ۋە ھەر قانـــداق ئىشـــلاردا ئـــادالەتنى ئاســـاس قىلىـــش ئۈچـــۈن چۈشـــۈرۈلگەن:«بىـــز ھەقىـــقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئـادالەتنى بەرپا قىلىسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق» (ھەدىد، 25-ئايەت).

دېـمەك، ۋەھيـي ئادالـەتنىڭ مىزانـى، ھەقىقەتنىـڭ مېتــودى ۋە ئـــاخىرەتتە نەتىـــجە قـــازىنىش ئۈچـــۈن دۇنيـــادا نەتىجە قازىنىشنىڭ يولىدۇر.

(4)

## ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

قۇرئـان كەرىـم پەيغەمـبەرلەرگە كەلـگەن ئىلاھـى ۋەھـيـلەرنى تـوغرىسـىدا كـۆپ توختالـدى، چـۈنكى ئـۇ ئەمەلـىي مەسـئۇلـيەتكە ئالاقـىدار. ئىلاھـىي ۋەھـيـلەرنىڭ ھەممىـسى: پەيغەمـبەرلەرگە ئېلىـپ چۈشـكەن ئەقىـدە، شـەرىئەت ۋە خەۋەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرگە كەلگەن ئىلاھى ۋەھيىلەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىش قىلىش ۋەھيىگە ئىشىنىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارغا قارىتا پوزىتسىيىسى:

قۇرئان كەرىم بىر قانچە پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا تەپسىلى ئۈچۈر بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر قانچە ساماۋى كىتابلار ھەققىدە توختالغان.

**بىرىنچى: تەۋرات:**

قۇرئـان كەرىـم تەۋرات دېـگەن سـۆزنى 18 قېـتىم زىكىر قىلغان. قۇرئاننىـڭ تەۋرات توغرىسـىدىكى بايانىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا خۇلاسىلاش مۇمكىن:

1. قۇرئان تەۋراتنى نۇر، مەشئەل ۋە زىكىر دەپ سۈپەتلىگەن.

2. تەۋرات ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب.

3. تەۋراتتىن كېيىنكى پەيغەمبەرلىكلەر ئۇنى ئەستىقلاپ كەلگەن.

4. قۇرئان تەۋراتتا كەلگەن بەزى ھۆكۈملەرنى سۆزلەپ ئۆتكەن.

5.تەۋراتنىڭ ئامانىتىنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە بولغانلارنىڭ بەزىسى ئامانەت بىلەن يەتكۈزگەن، يەنە بەزىسى يەتكۈزمىگەن. يەتكۈزمىگەنلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن. قۇرئان يەھۇدىلار توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئۇلارنى خىيانەتچى ۋە ۋەدىسىز دەپ ئومۇمىي خىتاب قىلغان.

6.قۇرئان كەرىم ھازىرقى تەۋراتنىڭ ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن تەۋرات ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن. ھازىرقى تەۋرات ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزغان يەھۇدىلار تەرىپىدىن بۇرمىلانغان: «ئى مۆمىنلەر جامائەسى! (دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان

ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى» (بەقەر سۈرىسى، 75-ئايەت).

يەنە:«ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى(ئىمانىنى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى »(مائىدە، 13-ئايەت).

## ئىككىنچى: ئىنجىل:

قۇرئان ئىنجىل دېگەن سۆزنى 12 قېتىم بايان قىلغان، قۇرئاننىڭ ئىنجىل توغرىسىدىكى سۆزى بەزى نۇقتىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەۋراتقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

1.قۇرئان ئىنجىلنى ھىدايەت، نۇر ۋە ۋەز-نەسىھەت دەپ سۈپەتلىگەن.

2.قۇرئان كەرىم ئىنجىلنى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب دەپ سۈپەتلىمىگەن. تەۋراتتىكى

بەزى ھۆكــۈملەرنى ئەمەلــدىن قالــدۇرۇۋېتىش ئۈچــۈن چەكلىــك ۋەزىــپە ئۈچــۈن كەلگەنلىكىنــى تىلغــا ئالغــان. شــۇنىڭ ئۈچــۈن قۇرئــان كەرىــم ئەيســا ئەلەيھىســالامنىڭ ۋەزىپىسىدە تەۋرات بىــلەن ئىنجىــل ئارىســىنى جۈغلىغــان :«ئاللاھ ئۇنىڭغا خەتنى، ھېكمەتنى(يەنى سۆز-ھەرىكەتتە توغرا بولۇشنى)، تەۋراتنى، ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنى بەنى ئىســرائىلغا پەيغەمــبەر قىلىــپ ئەۋەتىــدۇ» (ئــال ئىمــران سۈرىسى، 48-49-ئايەتلەر).

3.قۇرئــان كەرىــم ئىنجىلغــا قارىغانــدا مۇســا ئەلەيھىســالامنىڭ پەيغەمــبەرلىكىگە كــۆپرەك كۆڭــۈل بــۆلگەنلىكى چىقىــپ تۇرىــدۇ. تەۋراتنــى 18 قېتىــم زىكىــر قىلغان بولسا، ئىنجىلنى 12 قېتىم زىكىر قىلغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنى 136 قېتىم بايان قىلغان بولسا، ئەيسا ئەلەيھىســالامنى 25 قېــتىم بايــان قىلغــان. قۇرئانــدا تېخىمۇ ئېنىق ئۇقۇم بار:«ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە تــوغرا يولغــا باشــلايدىغان كىتــابنى (يەنــى قۇرئــاننى) تىڭشىدۇق» (ئەھقاف سۈرىسى، 29-30-ئايەتلەر).

4.تەۋرات ۋە ئىنجىلدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام-نىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئىنجىلدا كەلگەن بېشارەتلەر ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر-لىكىنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى قىلىنغاندەك خۇسۇسىيەت بار:«ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن»دېگەن. (سەپ، 6-ئايەت).

5.قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىكنى تەستىقلىغاندەك ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر-لىكنى تەستىقلاپ كەلگەن.

6.قۇرئان ئىنجىلنىڭ مۇخلىسلىرى بولغان خرستىيانلار توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۇلارنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن. بىر قىسمى ھەقىقى ئىنجىل بىلەن تۇرغان، يەنە بىر قىسمى يالغان ئىنجىل بىلەن تۇرغان. ئىككىنچى قىسىمدىكى كىشىلەر توغرىسىدا مۇنداق بايان

كەلگەن:«بىز ناسارامىز دېگەنلەردىنمۇ (ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشقا) مەھكەم ئەھدە ئالدۇق، ئۇلار(ئىنجىلدا) ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى، (بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك سالدۇق، (شۇ چاغدا) ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ ئەمەللىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ). (مائىدە سۈرىسى، 14-ئايەت).

7.قۇرئان كەرىم هازىرقى ئىنجىلنى ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، بۇرمىلىغۇچىلارنىڭ ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت دەپ خۇلاسىلايدۇ:«ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. هالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ. ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، هېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

كىشــىلەرگە: «ئــاللاھنى قويــۇپ ماڭــا بەنــدە بولــۇڭلار» دېيىشــى لايىــق بولمايــدۇ (يەنــى پەيغەمــبەردىن مۇنــداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋە لېكىن (ئۇ):«كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۇچــۇن ئىتائەتخۇمــار بولــۇڭلار»دەيــدۇ» (ئــال ئىمــران سۈرىسى، 78،79-ئايەتلەر).

قۇرئــان كەرىــم تەۋرات ۋە ئىنجىلــدىن ئىبــارەت ئىككــى كىتابتــا يــۈز بەرگەن بــۇرمىلىنىش مىقــدارىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويمىغان. قۇرئاننىڭ نىشانى خۇددى بۇ ئىككى كىتاب ئىشەنچىلىك ئەمەس، شەخسى خاھىشلار ئارىلاشقان دېمەكچى بولسا كېرەك.

<u>**ئۈچىنچى:**</u>قۇرئانـدا يـۇقىرىقى ئىككـى كىتابتىن باشقا زەبۇر ۋە بىر قانچە پارچە كىتابلار تىلغا ئېلىنغان.بۇ كىتــابلار توغرىســىدا مەلۇمــاتلار ئــاز كەلــگەن. ســاماۋى كىتابلار توغرىسىدىكى قۇرئاننىڭ مېتودىدىن تۆۋەندىكى مۇلاھىزىلەرنى يەكۈنلەش مۇمكىن:

1.قۇرئان كەرىم ئەمەلىي تەرەپكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلــۈپ، غەيبــى تەرەپلــىرى توغرىســىدا توختالمىغــان.

مەسىلەن، قۇرئان ۋەھيىنىڭ مۇمكىنلىكى ۋە ئىسپاتلانغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە توختالغان. بىراق ۋەھيىنى قانداق شەكىلدە تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ شەكلى توغرىسىدا توختالمىغان. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم بۇگۈن زېمىندا قوللىغۇچىلىرى بار پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ توختالغان، زېمىندا مۇخلىسلىرى قالمىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرى توغرىسىدا تەپسىلاتىدىن يىراق تۇرغان.

2.قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابلارنىڭ پوزىتسىيىسىنى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى توغرىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن دەپ بايان قىلغان.

3.قۇرئاننىڭ ئەھلى كىتابلارنىڭ كىتابلىرىنى ساختىلاشتۇرۇش توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكى بىزنى ئىككى ھەقىقەتكە يەتكۈزىدۇ. بىرىنچىدىن ھەزەر قىلىشىمىز ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئاللاھقا يالغان سۆزلىگەن خەلق قانداقمۇ مەخلۇققا

يالغان سۆزلىمىسۇن؟. ئىككىنچىدىن مۇقەددەس دەپ ئاتالغان كىتابلار بۇرمىلىنىپ ساختىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس دەپ قارالمايدۇ.

4.قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى باغلىغان. ئۇ ئىلاھى ۋەزىپىلەر بىر-بىرىنى تەستىقلايدۇ. ئۇلار ھىدايەت، نۇر ۋە رەھمەتتۇر. ئۇلار تەۋھىد ۋە ئادالەتكە ئوخشاش ئۆزگەرمەس مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

5.قۇرئاننىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى سۆزى قۇرئانغا ئېسىلىش ۋە ئەھكاملىرى بىلەن ئەمەل قىلىشقا ئالاقىدار ئەمەلىي تەرەپلەرگە مەركەزلەشكەن. قۇرئان بۇ ساھەدە ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم مەسىلىلەر:

(1).قۇرئان كەرىمنىڭ نۇر، ھىدايەت ۋە ھەقىقەت دېگەندەك ئىسىملىرى ئارقىلىق ياكى يەر شارىدىكى ئىنسانلار مۇھتاج بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ياكى ھەر ماكان ۋە

زامانغا سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدىغان دۇنياۋى كىتاب ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىسىنى تەكىتلىگەن.

(2).قۇرئان ئۆزىنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا كەلگەن ئىشەنچلىك ئىلاھى يوليورۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ھەقىقەت قۇرئاننىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈرلۈك مۆجىزلىرى ئارقىلىق ئېنىق زىكىر قىلىنغان.

(3).مۇسۇلمانلار قانداق شارائىتتا قېلىشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمنى قوغداشقا كېپىل بولغانلىقى مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلغانلىقتۇر. قىيامەت بولغۇچە قۇرئان ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرىۋېرىدۇ.

(4).قۇرئان كەرىم بۇرۇلۇپ كەتكەن مېتودلاردىن ئاگاھلاندۇرغان.

(4)

## قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم ئـۆزى توغرىسـىدا ئـۇزۇن توختالغـان. ئەڭ مــۇھىملىرىنى تۆۋەنــدىكى نــۇقتىلاردا يەكۈنلەشــكە ئۇرۇنىمىز:

**بىرىنچــــى**:قۇرئـــان كەرىمنىـــڭ ئىســـــم ۋە سۈپەتلىرى: قۇرئان كەرىم ئۆزىنى كۆپ ئىسىم ۋە سـۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن.

1. قۇرئان دېگەن ئىسىم 70 قېتىم ئەتراپىدا تىلغا ئېلىنغان.
2.كىتاب دېگەن ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىنغان.
3. فۇرقـــان (ھەق بىـــلەن بـــاتىلنى ئـــايرىغۇچى) كىتاب دەپ تىلغا ئېلىنغان.
4.زىكىر دېگەن ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىنغان.
5.تەنزىل دېگەن ئىسىم بىلەن تىلغا ئېلىنغان.

6. نۇر، ھەقىقەت، ھىدايەت، پاكىت، ۋەز-نەسىھەت، بايان، شىپا، رەھمەت، ھېكمەت ۋە ئەسلەتمە دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تونۇشتۇرۇلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى قۇرئان كەرىم توغرىسىدا مۇكەممەل چۈشەنچە بېرىدۇ، قۇرئاننىڭ زېمىنىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئىككىنچى:** قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى (چۈشىشى) توغرىسىدا:

1.قۇرئاننى باشتىن ئاخىرغىچە ۋەھىي پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ چۈشكەن.

2.قۇرئان كەرىم رامىزان ئېيىدا ۋە قەدىر كېچىسىدە چۈشۈشكە باشلىغان.

3.قۇرئان كەرىم بىر قېتىمدىلا بىر پۈتۈن چۈشمەي، 23 يىل جەرياندا پارچە-پارچە چۈشكەن: «كاپىرلار:«قۇرئان نېمىشقا ئۇنىڭغا)يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنمىدى؟» دېدى. سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى

پارچە-پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلدۇق» (فۇرقان سۈرىسى، 32-ئايەت).

**ئۈچىنچى**: قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممە مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئىكەنلىكى توغرىسىدا:

قۇرئان كەرىم ئىنسان زېمىنىدىكى ۋەزىپىسىدە مۇھتاج بولىدىغان بارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە. قۇرئان كەرىم ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، قانۇن ۋە ھايات تۈزۈمى كىتابىدۇر:«ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى)چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دەلىللەرنى) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى، 89-ئايەت).

مەسىلەن، قۇرئاندا ئەقىدىنىڭ تەپسىلاتى، ئىبادەت كۆرسەتمىلىرى، مۇكەممەل شەرىئەت ۋە تۈرلۈك تۈزۈمنىڭ ئاساسلىرى مەۋجۇت. قۇرئان كەرىم پرىنسىپال قاراشلىرى،

ئاساسلىرى ۋە قائىدە-تۈزۈملىرى ئارقىلىق ھەممە مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابتۇر.

**تۈزگۈچى**:قۇرئان كەرىم بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي كەلگەن:

ئاللاھ:«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» دەيدۇ. (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت).

يەنە:«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»(سەبە سۈرىسى، 28-ئايەت).

يەنە:«پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن)ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا)ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھ ئەيىب نۇقساندىن پاكتۇر» (فۇرقان سۈرىسى، 1-ئايەت).

**بەشىنچى**:ئاللاھ قۇرئاننى قوغداشقا كېپىللىك قىلغان:

ئاللاھ:«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» دەيدۇ (ھىجىر سۈرىسى، 9-ئايەت).

يەنە:«ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر» (فۇسسىلەت، 42-ئايەت).

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى تۈرلۈك شارائىتلار تۈپەيلى ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ 14ئەسىردىن بۇيان قۇرئان كەرىم ئاللاھ چۈشۈرگەندەك ئۆز پېتى ساقلانماقتا.

**ئالتىنچى**:قۇرئاندا مۇھكەم ۋە مۇتەشابىھ ئايەتلەر بار:

مۇھكەم ئايەتلەردىن مەقسەت:ئۇقۇمى روشەن، كۆرسەتمىسى ئېنىق ئايەتلەر مەقسەتتۇر. قۇرئان كەرىمدىكى مۇتلەق كۆپ نىسبەتتىكى ئايەتلەر مۇھكەم ئايەتلەر قاتارىدىن. مۇھكەم ئايەتلەر ئاساس ۋە پرىنسىپنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

مۇتەشــابىھ دېــگەن: مەنىلــىرى بىــر-بىــرىگە ئوخشىشــىپ كېتىــدىغان ئــايەتلەر يــاكى كۆرسەتمىســى دەرھــال بىلىنمەيدىغان ئىزدىنىشكە مۇھتــاج بولىــدىغان ئايەتلەر ياكى ئىزاھاتىدا بىر قانچە تۈرلۈك ئېھتىماللىقى بــار ئــايەتلەر مەقســەتتۇر. مۇتەشــابىھ ئــايەتلەر ئــاز بولــۇپ، تارماق مەسىلىلەرنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

**يەتتىنچــى**: قۇرئــان كەرىــم مــۆجىزە كىتــاب، ھېچقانداق بىــر ئىنســان ئۇنىڭغا ئوخشــاش بىــر كىتــابنى كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئاللاھ:«ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىــڭ ئوخشىشــىنى مەيــدانغا كەلتــۈرۈش ئۈچــۈن يىغىلىپ بىــر-بىــرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىــڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»(ئىسرا ، 88- ئايەت).

يەنە:«يــاكى ئــۇلار:«(مــۇھەممەد قۇرئــاننى ئــۆزى توقــۇدى دېيىشــەمدۇ؟ ئۇنــداق ئەمەس، ئــۇلار (قۇرئانغــا) ئىشــەنمەيدۇ. ئەگەر (مــۇھەممەد ئــۇنى توقــۇدى دېــگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە،

بايانــدا) قۇرئانغــا ئوخشــايدىغان بىــر ســۆزنى كەلتــۈرۈپ بېقىڭلار» (تۇر سۈرىسى، 34-ئايەت).

ئـــــاللاھ قۇرئـــــان كەرىمنـــــى مـــــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى قىلىشنى ئىرادە قىلغان. چۈنكى ئىسلام دىنى بارلىق مىللەتلەرگە ئوچۇق دىــن، شــۇڭا رەســۇلۇللاھنىڭ مۆجىزىســى ھەر ئەۋلاد، ھەر مىلــلەت ۋە يــېقىن-يىراققــا ئوچــۇق تۇرۇشــى مۇناســىپ. ئىســلام دىنــى ئومــۇمىي دۇنيــاۋى دىــن بولغــانلىقى ئۈچــۈن مۆجىزىسىمۇ دۇنياۋى بولىشى لازىم.

مـــــۇھەممەد ئەلەيھىســــــالامنىڭ ئەڭ چـــــوڭ مۆجىزىسى ئەقلىي، روھىي ۋە مەنىۋىي مـۆجىزە بولـۇپ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى ئەۋلادلارغا خىتاب قىلىــپ تۇرىــدۇ. ھەر زامانـــدىكى ئەۋلادلار بـــۇ مـــۆجىزىنى كۆرەلەيـــدۇ ۋە ئوقۇيالايدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت ئەقلى ئۈچۈن خىتاب قىلىپ تۇرىـــدىغان دۇنيـــاۋى مـــۆجىزە ســـۈپىتىدە كەلـــگەن. ئـــۇ رەســـۇلۇللاھنىڭ بـــارلىق ئىنســـانىيەت ئۈچـــۈن دۇنيـــاۋى پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىگە مۇناسىپتۇر.

ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ماددى مۆجىزە بولۇپ، ئىشەنچلىك كەسكىن يول بىلەن بىلىنمىگەن ئىدى. ئۇ ماددى مۆجىزىلەر پەقەت قۇرئان ئارقىلىقلا ئىشەنچلىك ئىسپاتلاندى. ئۇ مۆجىزىلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان بولسا كىشىلەر ساپ سۈزۈك ھالەتتە بىلمەيتتى.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە پاكىت، ئاللاھ بۇ كىتابنى ئىنسانىيەت ئاجىز كېلىدىغان شەكىلدە مۆجىزە خاراكتېرلىك چۈشۈرگەن. قىيامەت بولغۇچە ھەر زاماندىكى ئەۋلادلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش كىتابتىن بىرنى كەلتۈرۈشكە جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ.

قۇرئان نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب. ھەر دەۋردىكى ئىنسانلار بىلىم-مەرىپەت، تەجرىبە ۋە ھايات تۈزۈملىرىدە تەرەققى قىلغانسېرى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى تېخىمۇ نامايان بولىدۇ. ھەر دەۋر ئۆزىنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىگە يارىشا مۆجىزىلەرنى كۆرەلەيدۇ. قۇرئاننىڭ مۆجىزىسى ئۆزلۈك مۆجىزە بولۇپ، ئۆز ئۆزىدىن مۆجىزىلىكى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ.

قۇرئان ھەر دەۋردىكى ئىنسانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھىدايىتى، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ئىلاھى ۋەزىپىلەرنىڭ يىغىندىسى ۋە مۇقىم ھەقىقەتلەرنىڭ بىرلەشمىسى. قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ ھايات يولىنى سىزىپ بېرىدىغان ھىدايەت دەستۇرى؛ ئادالەت، رەھىمدىللىك ۋە كۆيۈنۈش ئاساسلىرىنى يولغا قويىدىغان قانۇندىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم كەلگەندىن تارتىپ ئىلمىي مۆجىزە بولۇپ ئەقىلگە خىتاب قىلماقتا ۋە جەڭ ئېلان قىلماقتا، قەلب ۋە ۋىجدانغا نىدا قىلىپ تۇرماقتا. بىرەر ئىنساننى ھەقىقىتىنى چۈشىنەلمىسىمۇ ئىمان ئېيتىشقا قىستىمايدۇ. بەلكى ھەر بىر ئادەمنى نەزەر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش ۋە ھەقىقەتلىرى توغرىسىدا چوڭقۇرلاشقا چاقىرىدىغان مۆجىزىدىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى ئەقىلنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە ئەقىل بىلەن قېرىنداش «دىن» بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دىنىنىڭ راستچىللىق پاكىتلىرى بولغان مۆجىزىلىرى ئەقلى قېرىنداشلىققا ئۇيغۇن

بولىشى كېرەك:«سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن پاكىت (مۆجىزە)، ھىدايەت ۋە رەھمەت نازىل بولدى» (ئەنئام سۈرىسى، 157-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ چوڭ مۆجىزىسى بولۇپ، ئەقلى بار ئادەملەرگە ئۇيلانسا مۆجىزە جەھەتتە يېتىپ ئاشىدۇ:«ئۇلار:«نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر چۈشۈرۈلمەيدۇ» دېدى. ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن». بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قوۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار» (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 50-51-ئايەتلەر).

دېمەك، يۇقىرىقىلارغا بىنائەن قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن كىتاب بولۇپ ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. بۇ كىتاب ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت سۈپىتىدە نازىل بولغان كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، سۆزى ۋە

مەنىسى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىل ئارقىلىق چۈشكەن. بۇ كىتاب قىيامەتكىچە ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان كىتاب بولۇپ، بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىتابتۇر. ھەر دەۋر ئىنسانلىرى ئەقلى قابىلىيىتىگە يارىشا بۇ كىتابنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۆجىزلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدۇ.

***

# پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا

پەرىشتىلەر (مالائىكىلەر) بىزگە نورمال ھالەتتە كۆرۈنمەيدىغان نۇردىن يارىتىلغان مەخلۇقلار بولۇپ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچكە ئىگە. ئۇلار ماددى نەرسىلەرنىڭ قىياپىتىگە كىرەلەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا ئىنسانغا ئوخشاش ئىختىيارلىق بەرمىگەن، شۇڭا دائىم ئاللاھقا ئىتائەت ۋە ئىبادەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا پەقەت خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇلار ھۆرمەتلىك مەخلۇقلار بولۇپ، ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، كائىناتتا بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

پەرىشتىلەر ئىنسانلار دۇنياسىغا ئوخشىمايدىغان ئايرىم بىر دۇنيا. قۇرئان كەرىم پەرىشتىلەر دۇنياسى ھەققىدە سۆزلىگەندىمۇ ئەمەلىي نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىرىنچى:قۇرئان پەرىشتىلەر (مالائىكىلەر) دېگەن سۆزنى 88 قېتىم ئەتراپىدا تىلغا ئالغان. قۇرئان كەرىم

پەرىشتىلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئەھمىيەتسىز توختالمىغان.

ئىككىنچى: قۇرئان كەرىم پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۈچ قېتىم توختالغان.

ئۈچىنچى: ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندا قۇرئان كەرىم پەرىشتىلەرنى 11 قېتىم ئەتراپىدا تىلغا ئالغان، ھەر بىر قېتىم تىلغا ئالغاندا ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىنسانىنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا توختالغان.

تۆتىنچى:قۇرئان كەرىم پەرىشتىلەرنى ئىلاھ ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، باش ئېگىدۇ ۋە ئىبادەت قىلىدۇ دەپ تونۇشتۇرغان. بۇ تېمىدىكى پەرىشتىلەر دېگەن سۆز توققۇز قېتىم ئەتراپىدا كەلگەن.

بەشىنچى:قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى بولمىغۇر تەسەۋۋۇرلىرى ۋە خاتا پوزىتسىيىلىرىگە رەددىيە بەرگەن. بۇ تېمىدا پەرىشتىلەر دېگەن سۆز 21 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا

مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەرنى ئايال جىنسلار دەپ قارىغان خاتا تەسەۋۋۇرلىرىغىمۇ رەددىيە بەرگەن.

ئالتىنچى:پەرىشتىلەر مۆمىنلەرنى قوللايدۇ. ئاللاھ پەرىشتىلەرنى مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىشكە ۋە قوللاشقا بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان مۆمىنلەرنىڭ دوستىدۇر. پەرىشتىلەر مۆمىنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە دۇئا قىلىدۇ، رەھمەت تىلەيدۇ، جەڭلەردە ھەمكارلىشىدۇ، ئۇلار ئۇچۈن ئىستىغپار ئېيتىدۇ ۋە سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا بىشارەت بېرىدۇ. بۇ توغرىدا پەرىشتىلەر يەتتە قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

يەتتىنچى: قۇرئان كەرىم پەرىشتىلەرنىڭ ئىنسان بىلەن ئالاقىسى بار بۇ دۇنيادا قىلىدىغان بىر قانچە تۈرلۈك ئىشلىرىنى بايان قىلغان. بۇ توغرىدا پەرىشتىلەر 15 قېتىم تىلغا ئېلىنغان:

1.ئاللاھ پەرىشتىلەر (جىبرىئىل) ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي ئەۋەتىدۇ.

2.ئۇلار ھەر بىر ئىنساندىن ئايرىلماي، ئىنساننىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى خاتىرلەپ تۇرىدۇ.

3. ئىنساننىڭ ئەجىلى توشقاندا جاننى ئالىدۇ.

سەككىزىنچى:پەرىشتىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى رولى 13 قېتىمدەك تىلغا ئېلىنغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇنىڭدا ئېنىق غايىسى بار. تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك نەمۇنىلەرگە قاراپ باقايلى.

1. ئىنساننىڭ قەلبىگە ھەيۋەت ۋە قورقۇنچ سالىدۇ:«(ئى غاپىللار!) بۇنىڭدىن يېنىڭلار، زېمىن ئارقىمۇ-ئارقا تەۋرىتىلگەن چاغدا، پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ -سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا. (گۇناھكارلارنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن) جەھەننەم كەلتۈرۈلگەن چاغدا، شۇ كۈندە ئىنسان (يەنى كاپىر) (دۇنيادىكى قىلمىشلىرىنى) ئەسلەيدۇ، (بۇ چاغدا) ئەسلىگەنىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن» (فەجر سۈرىسى، 20-23-ئايەتلەر).

2.مۆمىنلەرگە قارىتا ئۇنس-ئۇلپەت ۋە خۇشاللىق رولىنى ئوينايدۇ:«ئۇلار دوزاخنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىمايدۇ، كۆڭلى تارتقان نازۇ نېمەتلەر ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. چوڭ قورقۇنچ (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتى) ئۇلارنى قايغۇغا سالمايدۇ، پەرىشتىلەر: «ئاللاھ سىلەرگە ۋەدە قىلغان كۈن مۇشۇ» (دەپ)، ئۇلارنى (جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا) قارشى ئالىدۇ» (ئەنبىيا سۈرىسى، 102،103-ئايەت).

3.كاپىرلار ۋە زالىملارغا قارىتا ئاللاھىدە رولى بولۇپ، ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ ھەسرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ:«ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ» (تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىنسانغا تەقدىم قىلماقچى بولغان پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى بۇ نۇقتىلار مۇكەممەل بىر سۈرەتنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ سۈرەت غەيبنىڭ

ھەقىقەتەننى ھېكايە قىلىپ بەرمەيدۇ ۋە پەلسەپە دۇنياسىدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇ سۈرەت پەرىشتىلەر دۇنياسى توغرىسىدا ئىنسان بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىرەر ئايەتتە پەرىشتىلەرنىڭ ئەركەك ياكى چىشىلىقى توغرىسىدا ياكى ئۇلارنىڭ يارىتىلىش ماھىيىتى توغرىسىدا ياكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا سۆز قىلمىغان. ئۇلار نەسىللىنەمدۇ ياكى يەپ-ئىچەمدۇ؟ بۇ توغرىدىمۇ ھېچ سۆز قىلمىغان. شۇنداقلا پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرمۇ كەلمىگەن. بىراق ئۇلارنىڭ ئىنسان بىلەن ئالاقىسى بار ئەمەلىي تەرەپلىرىنى بايان قىلغان.

دېمەك، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا ئىشەنگەن ئىنسان پەرىشتىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بۇ ئاساسلارنى ئىسپاتلاشقا كۆپ مەركەزلەشتۈرگەن. ئاللاھنىڭ يەككە-يېگانىلىقى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى توغرىسىدا كۆپ توختالغان. كىم

بـۇ ئاساسـلارغا ئىشەنسـە قۇرئانـدا كەلـگەن تەلىماتلارغـا شەكسىز ئىشىنىدۇ. كىم بۇ ئاساسلارغا ئىشەنمىسە ئۇنى قۇرئانـدىكى خەۋەرلەر بىـلەن قانائەتلەنـدۈرمەن دەپ ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

***

# جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش توغرىسىدا

جىنلار يەنە بىر ئايرىم غەيبى دۇنيا. قۇرئان كەرىم بىزگە جىنلارنىڭ بارلىقىنى كەسكىن شەكىلدە خەۋەر قىلىدى. بىزگە كۆرۈنمەيدىغان غەيبى (مېتافىزىكا) مەخلۇقلارنىڭ مەۋجۇت بولىشى، ئەقلى جەھەتتىن مۇمكىن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن. شۇڭا ئۇنى ھېچقانداق پاكىتسىز ئىنكار قىلىش ئىشەنچىلىك قۇرئان خەۋىرىنى يالغانغا چىقارغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

بىر نەرسىنى بىلمەسلىك ئۇ نەرسىنىڭ يوقلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى كائىناتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كۆز ياكى ھېسسى ئەزاغا بويسۇنمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە كەسكىن ئىلمىي دەلىل- پاكىت ئىسپاتلانمىغۇچە يوق دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنىڭ بار ياكى يوق ئىكەنلىكىگە ئىلمىي پاكىت تېپىلمىسا، بۇ ھالەتتە ئىنسان بىلمىسىز ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى بىلمەسلىك ئۇ نەرسىنىڭ بار

ياكى يوقلىقنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنى بىلمەسلىكتىن ئىبارەت سۇپەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جىنلارنىڭ بارلىقى كەسكىن قۇرئان كەرىم خەۋىرى بىلەن ئىسپاتلاندى. دېمەك، پەرىشتە ۋە جىنلارغا ئىشىنىش مەسىلىسى ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى ئاللاھقا ئىشىنىش مەسىلىسىگە چېتىشلىقتۇر. كىم ئاللاھقا ئىشەنمىسە، قۇرئان كەرىم خەۋەرلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئاللاھقا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە كىتابلارغا ئىشەندىم دەپ تۇرۇپ، قۇرئاندا ئېنىق بايانى كەلگەن جىنلارغا (كۆزگە كۆرۈنمىدى) دېگەن باھانە بىلەن ئىشەنمەسلىك دىنسىزلارنىڭ ئىدىيە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ تەسىرىدۇر.

جىنلار ئوتتىن يارىتىلغان مەخلۇقلار بولۇپ، ماددىي شەكىللەرگە كىرەلەيدۇ. ماھىيىتى توغرىسىدا بىزگە كەلگەن خەۋەر شۇنچىلىك. جىنلاردا ئىنسانلاردا بار كۆپلىگەن خاراكتېر مەۋجۇد، چۈنكى ئۇلارمۇ ئىنسانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتكە تەكلىپ قىلىنغان. ئىنسانلار

ھېسابقا تارتىلغاندەك جىنلارمۇ ھېسابقا تارتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرى ۋە يامانلىرى بار.

قۇرئان كەرىمدە 40 ئايەتتە جىنلار دېگەن سۆز 34 قېتىم ئەتراپىدا تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا بىر سۈرىنى "جىن" دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان.

بىرىنچى:قۇرئان كەرىم جىنلارنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا:«جىنلارنى ئوتنىڭ يالقۇنىدىن ياراتتى» دېگەن (رەھمان سۈرىسى، 15-ئايەت).

ئىككىنچى:ئىنسان بىلەن جىنلار ئارىسىدا كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئارىسىدا ئورتاقچىلىق ۋە ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. بۇ تېمىدا جىنلار دېگەن سۆز 20 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

1.جىنلار ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان:«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت). ئۇلار ئىرادە ۋە تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئىمان ۋە ئىبادەتكە بۇيرۇلغان، كۇپۇرلۇق ۋە گۇناھلاردىن توسۇلغان.

2.ئۇلار غەيبنى بىلمەيدۇ:«سۇلەيماننىڭ ۋاپاتىنى ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا (يەنى ئۇنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدا) سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرۇتلار خەۋەردار قىلدى. سۇلەيمان (ھاسىسىنى قۇرۇت يەپ) يىقىلغان چاغدا جىنلارغا ئېنىق بولدىكى، ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى» (سەبە، 14-ئايەت).

3. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى ۋە يامانلىرى بار:«بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلارمۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارمۇ بار، بىز تۈرلۈك يوللارغا بۆلۈندۇق» (جىن سۈرىسى، 11-ئايەت).

4.ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى، كۇپۇرلۇق ۋە رەزىللىككە دەۋەت قىلغۇچىلار بار.

5.جىنلارنىڭ ئىنسانغا ئوخشاش كۆڭۈل-شەھۋەتلىرى بار.

6. ئۇلار قىيامەت كۈنى ئىنسانغا ئوخشاش ھېسابقا تارتىلىپ يا جەننەتكە ياكى دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ.

7.جىنلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش نەسىللىنىدۇ، يەپ-ئىچىدۇ.

8. ئۇلارنىڭ زور ئىقتىدارلىرى بار. ماددى شەكىلگە كىرەلەيدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ جىنلار توغرىسىدىكى بەزى خاتا تەسەۋۋۇرلىرىغا رەددىيە بەرگەن. مەسىلەن، مۇشرىكلار جىنلارنى خالىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشاتتى. ئاللاھنى قويۇپ جىنلارغا چوقۇنىدىغانلىرى بار ئىدى.

دېمەك، قۇرئان كەرىم خاراكتېرى كۆپ جەھەتتىن ئىنسانغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەيبى مەخلۇق جىنلار دۇنياسى توغرىسىدا مۇشۇنداق سۆزلەپ بەردى. ھەق بىلەن باتىل ئارىسىدىكى كۆرەش مەيدانلىرى توغرىسىدا كۆپلىگەن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ بەردى. مۇسۇلمان كىشى جىنلارنىڭ ۋەقەلىكىدىن ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ياخشى ۋە يامان تۈرىنى سۆزلەپ بەردى.

# ئىبلىس ۋە شەيتانلار

قۇرئان كەرىمدە ئىبلىسنىڭ بايانى 11قېتىم تىلغا ئېلىنغان:«شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن)سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا):«سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس:«مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق. مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى:«سەن بۇ يەردىن(يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال، سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن». ئىبلىس:«ماڭا كىشىلەر قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگىچە(يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) مۆھلەت بەرگىن» دېدى. ئاللاھ:«ساڭا مۆھلەت بېرىلدۇ»دېدى. ئىبلىس ئېيتتى: «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ

توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭىدىن، سولىدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمىتىڭگە) شۈكۈر قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن» (ئەئراف سۈرىسى، 11-16- ئايەتلەر).

ئىبلىس ئىنساننىڭ ئۈچۈن زور ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇ ناھەقچىلىقنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش ئوتىنى ياقىدۇ. ئىنساننىڭ ئىبلىس شەيتان بىلەن بولغان كۆرىشى شىددەتلىك بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم «تەكەببۇرلۇق"نى پىتنىنىڭ ئاساسىي دەپ كۆرسىتىپ، ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرماقتا. قۇرئان كەرىم بىر قېتىم ئىنسانلارنى تەكەببۇرلۇق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان بولسا، يەنە بىر قېتىم مۇتەكەببىر زالىملارنى ئىبلىسنىڭ ئەسكەرلىرى دەپ ئەسكەرتىش بەرگەن. تەكەببۇرلۇق ۋە خاتالىقنى سادىر قىلغان خاراكتېر ئىنسان تەبىئىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خاراكتېر ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلماقتا، چۈنكى ئىبلىس پەرىشتە ئەمەس، ئەسلىسى جىن ئىدى.

قۇرئان كەرىم شەيتانلارنى88 قېتىم تىلغا ئالغان. پەرىشتىلەرنىمۇ 88 قېتىم تىلغا ئالغان ئىدى، شەيتانلارنىڭمۇ پەرىشتىلەرگە ئوخشاشلا 88 قېتىم تىلغا ئېلىنىشى دىققەتنى تارتىدۇ:

1. شەيتان دېگەن سۆزدىن بەزىدە ئىبلىسنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنە بەزىدە ئىبلىسقا ئەگەشكەن جىنلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئىبلىس يالغۇز ئەمەس، ئازغۇنلار گورۇھىنىڭ پېشۋاسىنى تەمسىل قىلىدۇ.

2.يەنە بەزىدە شەيتان دېگەن سۆزدىن بىر بۆلەك ئىنسانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنسان مەسىلىسىگە خىيانەت قىلىپ، شەيتان يولىغا كىرىپ كەتكەن ئازغۇنلار مەقسەتتۇر:«شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ» (ئەنئام سۈرىسى، 112-ئايەت).

3.شەيتانلارنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇش، ئاللاھنىڭ ھەق يولىدىن توسۇش، يولسىز ۋە ناھەق ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

4.ئىنسان پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇپ قالغاندا ياكى شەيتانغا قارشى داۋاملىشىۋاتقان جەڭنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇنتۇپ قالغاندا شەيتاننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا شەيتان ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ.

5.شەيتاننىڭ پارتىيىسى ۋە ئەسكەرلىرى بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ھېس قىلىشتۇر.

6. ئىنسانغا جىن چاپلىشىۋالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇنداق ئىشلارغا ئاللاھنى ئەسلەش ئارقىلىق قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇغان.

7.قۇرئان كەرىم شەيتان ۋە پارتىيىسىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە:«ئىش پۈتكەندە(يەنى

ھېساب تۇگەپ،جەننەتلەر بىلەن دوزىخىيلەر ئايرىلىپ بولغاندا)، شەيتان:«ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (ئىتائەت قىلغۇچىنى مۇكاپاتلاش، ئاسىيلىق قىلغۇچىنى جازالاشتىن ئىبارەت) راست ۋەدىنى قىلغان ئىدى، (ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى). مەن سىلەرگە(ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ساۋاب،جازا دېگەنلەر يوق،دەپ يالغان) ۋەدە قىلغان ئىدىم، (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم، سىلەرگە مېنىڭ (كۇفرىغا، گۇناھقا زورلىغۇدەك) ھۆكۈمرانلىقىم بولغىنى يوق، مەن سىلەرنى پەقەت (گۇمراھلىققىلا) دەۋەت قىلدىم، سىلەر(دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۇچۇن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھغا (ئىبادەتتە) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملار چوقۇم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دەيدۇ»(ئىبراھىم سۈرىسى، 22-ئايەت).

ئاخىردا شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، ئىنسان توغرا يولنى تاللاپ، ئىرادىلىك بولسا، شەيتان ۋە پارتىيىسى

زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ:«شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر» (نىسا سۈرىسى، 76-ئايەت).

شەيتان پەقەت دەۋەت قىلىش، چىرايلىق كۆرسىتىش ۋە ۋەسۋەسە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بىراق كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇپ، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى يامان ئىشلارغا يۈزلەندۈرۈپ خاتا يولغا تارتىپ كېتىدىغان كۈچ-قۇدرىتى يوق. ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى ياخشى ياكى يامان يولنىڭ بىرىنى تاللاشتا ئەركىن. شەيتان ئىمانى سۇس ۋە ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ:«مېنىڭ بەندىلىرىمگە (يەنى ئۇلارنى ئازدۇرۇشقا) سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت گۇمراھلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرگىلا (سېنىڭ كۈچۈڭ يېتىدۇ)»(ھىجىر سۈرىسى، 42-ئايەت). دېمەك، شەيتاننىڭ ئىش-ھەرىكەت چېكى پەقەت يوشۇرۇن ۋەسۋەسە قىلىش ۋە كۆڭۈلنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن يامانلىققا چاقىرىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئاخىردا شۇنى تەكىتلەيمىزكى، بەزىلەر جىن بىلەن ئالاقە قىلغانلىقىنى دەۋا قىلماقتا، جىنلارنى بەزى

غەيبى ئىشلانى بىلىدۇ دەپ قارىماقتا. ئاددى-ساددا ئايالىلار ۋە ئەقلى كىچىك كىشىلەرنى ئالدىماقتا. جىن بىۋاستە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر ئەمەس. ئىسلام دىنى داخان، باخشى، مۇنەججىم ۋە جىنكەشلەرگە ئىشىنىدىغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. سەھىي ھەدىستە كېلىشىچە جىنكەشلەرگە ئىشىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغانلارنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ دېيىلگەن.

***

# قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش

ئاللاھ بۇ ھاياتنى ئەھمىيەتسىز ۋە غايىسىز ياراتمىغان، ئاللاھنىڭ ھەر بىر ئىشلىرى ھېكمەت ۋە غايىدىن خالىي ئەمەس. ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادا سىناق ئۈچۈن ياراتقان. سىناق ھاياتى بولغان بۇ دۇنيا ئاخىرلاشقاندا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئالدىغا تىزىلىدۇ، شۇ چاغدا ئىلاھى ئادالەت مەھكىمىسى تۈرغۈزۈلىدۇ، بۇ مەھكىمىدە ھېچ بىر ئىنسان قىلچە زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ، ئىنسانلار قىلغان ئىشلىرىغا قارىتا تولۇق مۇكاپات ياكى تولۇق جازالىنىشتىن ئىبارەت ھەققىنى ئالىدۇ.

قىيامەت كۈنى كائىناتنىڭ بارلىق تۈزۈمى بۇزۇلىدىغان، ئاسمان ۋە زېمىن قاتلىنىدىغان بىر كۈندۇر. قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر مەخلۇق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس. قىيامەت بولىدىغان ۋاقىت يېقىنلاشقاندا يەر شارى ۋە باشقا كائىناتلاردىكى ھاياتلىق ئاخىرلىشىدۇ.

قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىسىكى ھالقىلىق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئارقىسىدا زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش بولمىسا ئىنتائەت قىلىشقا ئۆزىنى باسالمايدۇ. ئىنسان كۈتۈپ تۇرغان مۇكاپات بولمىسا ئاللاھقا ۋە ئاللاھ چۈشۈرگەن شەرىئەتلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش نەتىجە يارىتالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشنىڭ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن يولنى تۇتۇپ مېڭىشتا چوڭ رولى بار. ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا بەختلىك بولىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشى زۆرۈر، چۈنكى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەم زۇلۇم، بۇزغۇنچىلىق ۋە رەزىللىكتىن چەكلەنمەيدۇ.

قىيامەت مەسىلىسى ئىنساننىڭ ھاياتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى توغرىسىدا كۆپ توختىلىپ ئىنسانغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. قۇرئان كەرىم تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا پاكىتلارنى بايان قىلغان ۋە ئىنساننىڭ قىيامەت كۈنىدىن غاپىل قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم قىيامەت

كۈنگە ئىشىنىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن:

1.قۇرئان قىيامەت كۈنگە ئىشىنىش مەسىلىسىنى ساناپ بولغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە تىلغا ئالغان.

2.كۆپىنچە قىيامەت كۈنگە ئىشىنىش مەسىلىسى ئاللاھقا ئىشىنىش مەسىلىسى بىلەن بىرگە بايان قىلىنغان.

3.قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنگە ئالاقىدار ئۆلۈم، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش، قىيامەت كۈنى ھەممە ئىنسانلارنىڭ بىر مەيدانغا توپلىنىشى، ھېساب بېرىش، ئىشلارنى جىڭلايدىغان ئۆلچەم، ئىنسانلارنىڭ قىلغان ئىش-ئىزلىرى يېزىلغان خاتىرە، جەننەت ۋە دوزاخ مەسىلىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلى بايان قىلغان.

تۆۋەندە مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنگە ئالاقىدار بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم بولغان مەسىلىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

(1)

## قىيامەت كۈنىنىڭ بار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل-پاكىتلىرى

قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنىنى ئىسپاتلاشتا ئىنسان ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلىشىنى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرگەن. كائىناتنى يوقلۇقتىن ياراتقان ئاللاھ يەنە بىر قېتىم ياراتسا چەكلەيدىغان ياكى بولمايدۇ دەيدىغان ھېچقانداق ئىللەت يوق، قايتا يارىتىش دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاسان. بۇ ئەقلى جەھەتتىن مۇمكىن مەسىلە. ئەقىل ئىگىلىرى بىر ئىشنى يېڭىدىن باشلاش بىلەن قايتىدىن قىلىشنىڭ باراۋەر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇ مەسىلىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان، خەۋەر بەرگۈچى قۇرئان بولسا ئوچۇق ئاشكارا مۆجىزە كىتاب، ئۇنداقتا نېمىگە ئىشەنمەيمىز؟.

ئاللاھ قۇرئاندا:«مۇشرىكلار «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟ ‹‹دېيىشىدۇ. سىلەر

تاش ياكى تۆمۈر ياكى هاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قېيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (ئاللاھ سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ) ئۇلار:››بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟ ‹‹دەيدۇ››سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ‹‹دېگىن»دەيدۇ (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى، 49-51-ئايەتلەر).

چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە، ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان زات ئۆلۈكنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئىنساننى ئۆرنەكسىز گۈزەل شەكىلدە ياراتقان زات ھەر بىر ئىنساننى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە قادىر، چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن خەرىتىسىنى ۋە جىسمىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلىدۇ، ئىنساننىڭ بەدىنىدە قانچىلىك ھۈجەيرە ۋە زەررىلەرنىڭ بارلىقى خاتىرلەنگەن خاتىرە بار. تۇپراققا چىرىلىپ كەتكەن ھۈجەيرە ۋە زەررىلەرنى قايتىدىن توپلاش ئاللاھقا نىسبەتەن ئاسان بىر ئىشتۇر. ئاللاھ بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، بول دەيدۇ، شۇ زامان پەيدا بولىدۇ.

ئاللاھ ئىنساننىڭ دىققىتىنى يارىتىلىش ھالىتىگە قاراتماقتا:«ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ (پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى. ئۇ بىزگە (ئىنساننىڭ قايتا تىرىلىشىنى يىراق ساناپ، چىرىگەن سۆڭەكلەرنى)مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ يارىتىلغانلىقىنى بولسا ئۇنتۇدى، ئۇ:«چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟» دېدى. ئېيتقىنكى، «ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ، ئۇ ھەر بىر مەخلۇقنى بىلگۈچىدۇر» (ياسىن سۈرىسى، 77-79-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ بىزنى قايتىدىن تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھېسسى رېئاللىقتا ئىنساننىڭ تەپەككۇر ئېڭىنى باشلىماقتا. ئاللاھ ئاسمان-زېمىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىگىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۈلكىدە خالىغانچە ئىش قىلالايدىغان زات:«(ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئويلاپ كۆرمىدى) بەلكى ئۇلار بۇرۇنقىلار نېمىدېگەن بولسا شۇنى دېدى. ئۇلار ئېيتتى :«بىز ئۆلۈپ

تويىغا ۋە (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن) سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتا تىرىلەمدۇق؟. ھەقىقەتەن بىز ۋە بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدۇق، بۇ پەقەت قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر». ئېيتقىنكى،«زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار(ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)». ئۇلار:ئاللاھنىڭ»دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند-نەسىھەت ئالامسىلەر؟. ئېيتقىنكى، «يەتتە ئاسماننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى كىم؟»ئۇلار«ئاللاھ»دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ئۇنىڭ (ئازابىدىن) قورقامسىلەر؟». ئېيتقىنكى، «ھەممە شەيئىنىڭ پادىشاھلىقى كىمنىڭ قولىدا؟ (ئىلتىجا قىلغانلارغا) پاناھ بولالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان كىم؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)». ئۇلار:«ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «سىلەرقانداقمۇ قايمۇقتۇرۇلىسىلەر؟» ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا بىز ھەق سۆزنى ئېلىپ كەلدۇق، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر» (مۆمىنۇن سۈرىسى، 81-89-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنسان ھېس قىلالايدىغان ۋە بۇ دۇنيادا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان ئۇسۇلنى ئىشلەتكەن:«ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»(رۇم سۈرىسى، 50-ئايەت).

ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئۇيقۇ ۋە ئويغىنىش كۆرۈنۈشىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتمەكتە:«ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان(يەنى ئەجىلى يەتكەنلەر)نىڭ جانلىرىنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغانلارنىڭ جانلىرىنى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە (يەنى ئەجىلى يەتكۈچە) قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭدا پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار» (زۇمەر سۈرىسى، 42-ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش توغرىسىدا:«ئىنساننىڭ قۇيرۇق سۆڭىكى ياكى تۇغۇر سۆڭىكى (Coccyx) دىن باشقا پۈتۈن ئەزالىرى چىرىپ كېتىدۇ، قۇيرۇق سۆڭىكىدىن ئىنسانلار قايتا تىرىلدۈرىدۇ» دېگەن. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

قايسى بىر ئىنسان مۇشۇ بايانلارنى ئوقۇپ تۇرۇپ، يەنە تەرسالىق قىلىشتا چىڭ تۇرسا ئۇ يالغانچى ئىنساندۇر، ئۇنىڭغا دەلىل ئۇنۇم بەرمەيدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ئىچكى جەھەتتىن مەغلۇب قىلىدىغان ۋە تەرسالىقنى سىلكىپ تاشلايدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج. قۇرئان كەرىم بۇ نۇقتىنى دەلىل سۈپىتىدە ئىشلەتكەن، قۇرئان كەرىم ئۇنداق ئىنساننى كۆچلۈك سىلكىش ۋە ئۆز-ئۆزى بىلەن تەپەككۇر قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ:«ئۇلار:«بۇ روشەن سېھىردۇر، بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغاندىن كېيىن راستلا تىرىلەمدۇق؟ بىزنىڭ بۇرۇنقى ئاتىلىرىمىزمۇ تىرىلەمدۇ؟»دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەئە، سىلەر خار ھالدا تىرىلىسىلەر». بىر ئاۋازنى (يەنى ئىسراپىلنىڭ چالغان سۇرىنى)ئاڭلاش بىلەنلا (مەھشەرگاھقا) ھازىر بولۇپ (ئۆزلىرىگە نېمە

قىلىنىدىغانلىقىغا) قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇلار: «ۋاي ئىسىت! بىزگە بۇ قىيامەت كۈنىدۇر»دەيدۇ. بۇ سىلەر ئىنكار قىلغان(ھەق بىلەن باتىل) ئايرىلىدىغان كۈندۇر. (ئاللاھ پەرىشتىلىرىگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇفرىدىكى) قاياشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار، ئاندىن ئۇلارنى دوزاخنىڭ يولىغا باشلاڭلار. ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار(جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال-سوراق قىلىنىدۇ. (ئاندىن ئۇلارغا:«نېمىشقا (دۇنيادىكى ھالىتىڭلارغا ئوخشاش) بىر-بىرىڭلارغا ياردەم قىلمايسىلەر؟»(دېيىلىدۇ). بەلكى ئۇلار بۈگۈن بويسۇنغۇچىلاردۇر»(سافات، 16-26- ئايەتلەر).

ئىنسان بۇ دۇنيادا مەسئۇلىيەت ئاساسىدا يارىتىلغان ئىكەن، چوقۇم ھېساب بېرىشى ۋە شۇ ئاساستا مۇكاپات ياكى جازاغا ئۇچرىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئەقىل، ئىرادە ۋە ئىقتىدار بىلەن تەمىنلەنگەن، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەۋەتىلىپ، كىتاب چۈشۈرۈلگەن ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ئەھمىيەتسىز بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇندىن سىرت مۇتلەق ئادالەتنى

تۆرغـۈزۈش بـۇ دۇنيـادا مـۇمكـىن بولمـايـدۇ، شـۇڭا مـۇتلەق ئـــادالـەت تۆرغۈزۈلـــــدىغان، زالىملاردىـــن ئىنتىقــــام ئېلىنىدىغان بىر كۈننىڭ بولىشى لازىم.

ئۆلگەنـدىن كېيىنكـى ئىككىنچـى هايـات روهـى ۋە مـاددى هايـاتتۇر. قۇرئانـدا كەلـگەن ئـايەتلەر بـۇ توغرىـدا كەسكىن ۋە روشەن بايان قىلىنغـان. ئـاللاھ ئىنسـانلارنىڭ ئىككىنچى هاياتىنى ماددىي ۋە مەنىۋى قىلىشىنى ئىـرادە قىلغان تۇرسا ئاللاهغا نېمە چەكلىمە بار؟

(2)

## قىيامەت كۈنىنى ئىخچام شەكىلدە سۈپەتلىگەن

قۇرئـان كەرىمنىـــڭ قىيــامەت كــۈنى توغرىســـدا ئىشلەتكەن ئىسىملىرى:

هېســاب كــۈنى، قىيــامەت كــۈنى، هەســرەت كــۈنى، قايتىــــدىن تىرىلـــدىغان كـــۈن، هەق-بىـــلەن نـــاهەق ئايرىلىدىغان كۈن، هېساب بېرىش ئۈچـۈن ئۇچرىشىدىغان كــۈن، يىغىنلىشــۋاتقان كــۈن، يــاردەمگە بىـــر-بىرىنـــى

چاقىرىشىدىغان كۈن، توپلىشىدىغان كۈن، ئازاب بىلەن ۋەدە قىلىنغان كۈن، مەڭگۈ قالىدىغان كۈن، قەبرىدىن چىقىدىغان كۈن، ئاخىرەت كۈنى، ئاخىرەت، ۋاقتى بەلگىلەنگەن كۈن، قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيۋاتقان كۈن، چوقۇم يۈز بېرىدىغان كۈن، قورقۇنچلۇق كۈن، چوڭ خاپىلىق بار كۈن، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋىتىدىغان كۈن ۋە چارچىتىۋىتىدىغان كۈندىن ئىبارەت 23 ئىسمى بار. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسىملىرىدىن ھەر بىر ئىسمى ئاشۇ كۈننى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ ۋە بىزنى توغرا يولدا مېڭىشقا يېتەكلەيدۇ.

(3)

## قىيامەت كۈنىنىڭ تەپسىلاتى

ئىنسانغا نىسبەتەن قىيامەت كۈنى ئۆلۈم بىلەن باشلىنىدۇ، كائىناتقا نىسبەتەن كائىنات نىزامىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن باشلىنىدۇ، ئاندىن ھادىسىلەر ئارقىمۇ-ئارقىدىن يۈز بېرىپ يا مەڭگۈلۈك جەننەت بىلەن يا مەڭگۈلۈك دوزاخ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## بىرىنچى: ئۆلۈم:

ئۆلۈم غەيبى(مېتافىزىكا) نەرسە ئەمەس، ئۇ ھېسسى كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسە. ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئۆلۈم ئىزاھلاشقا مۇھتاج ئەمەس، شۇڭا ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا پەلسەپىۋى خاراكتېرلىك چوڭقۇرلاشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئىنساننىڭ ئۆلۈم ۋاقتى كەلگەندە گەپ-سۆز قىلالمايدىغان ھەرىكەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى ھەقىقەت. مانا بۇ ئۆلۈم.

قۇرئان كەرىم "ئۆلۈم" دېگەن سۆزنى 165 قېتىمدىن كۆپرەك تەكرارلىغان، بۇ ئىبرەت ئېلىش جەھەتتە يېتەرلىك. ئىنسان ئۇنتۇپ قالىدىغان مەخلۇق، شۇڭا ئەسلىتىپ تۇرىدىغان نەرسىگە مۇھتاج بولىدۇ. ئىنسان ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالسا ھەددىدىن ئېشىپ خاتا يولغا قەدەم باسىدۇ، بىراق ئۆلۈمنى ئەسلىسە ھەقىقەتنى ئەسلەپ توغرا يولدا مېڭىشى مۇمكىن. قۇرئاندا ئۆلۈم تىلغا ئېلىنسا ئىنسانغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى

ئەسلىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ، زالىملارغا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ، غاپىل ئاسىي ئىنساننىڭ پۇشايمان قىلغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۆلۈم كەلسە بەلگىلەنگەن مۇددىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۆلۈم توغرىسىدا سۆز قىلغاندا پەقەت ھاياتنىڭ پايدىسى ۋە ياخشىلىقى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

## ئىككىنچى: قەبرە ۋە بەرزەخ ھاياتى:

بەرزەخ ھاياتى ئىنسان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا بىۋاستە باشلىنىدىغان باسقۇچ بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. قەبرە ھاياتىنىڭ مۇددىتى ئېنىق ئەمەس. ئىنسان قەبرىدە قويۇلغاندىن كېيىن يا قەبرىسىدە راھەتلىنىدۇ يا ئازابلىنىدۇ. قەبرە توغرىسىدا قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئەسلەتكەن.

قۇرئان كەرىم قەبرە باسقۇچى، ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئىنساننىڭ خاراكتېرى، قانچىلىك تۇرىدىغانلىقى

توغرىسىدا ئېنىق بايان كەلتۈرمىگەن. بىر ئاز ئىشارەت بايان قىلغان. دېمەك، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلسە يېتەرلىك.

## ئۈچىنچى: قىيامەتنىڭ بەلگىلىرى:

ئاللاھ قىيامەت كۈنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت بولىدىغانلىقىنى قارار قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ قىيامەتنىڭ بولىدىغان ۋاقتى توغرىسىدا بەزى بەلگىلەرنى بەلگىلەپ قويغان. قۇرئان كەرىم بايان قىلغان چوڭ بەلگىلەر تۆۋەندىكىچە:

1.ئىسا ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشىدۇ، زېمىندا بىر مۇددەت تۇرۇپ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىنى تۇرغۇزىدۇ، ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلايدۇ:«ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر» (زۇخرۇپ سۈرىسى،61-ئايەت).

يەنە:«ئەھلى كىتابتىن(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن)ھەر قانداقى جان ئۆزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا (يەنى ئىسانىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە)ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلار(يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن داۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى)غا گۇۋاھ بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 159-ئايەت).

2.يەجۇج-مەجۇجنىڭ چىقىشى. يەجۇج بىلەن مەجۇج زېمىندا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، زېمىندا نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىندا قاچان ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس، ئۇنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ئىنسان بىلمەيدۇ:«يەجۇج-مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ. راست ۋەدە (يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كاپىرلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ» (ئەنبىيا سۈرىسى، 96-ئايەت).

3.ئاخىر زاماندا ئىنسانلار بۇزۇلۇپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تاشلىغاندا ئىنسانلارغا گەپ قىلىدىغان بىر ھايۋان چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى سۆزلەيدۇ:«ئۇلار(يەنى كۇففارلار)غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا(يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ»(نەمل سۈرىسى، 82-ئايەت).

4. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىشارەت تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئىشارەتلەر بار. سەھىي ھەدىستە بۇلاردىن باشقا تىلغا ئېلىنغان بىر قانچە ئالامەتلەرمۇ بار.

(4)

## قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش جەريانى

قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ھېچقانداق بىر مەخلۇق قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ۋە كائىناتنى پۈتۈن قاپلايدىغان زور ۋەقەدۇر. قۇرئان كەرىم قىيامەتنىڭ يۈز بېرىشى توغرىسىدا بىر قانچە نۇقتىدىن توختالغان.

### بىرىنچى:قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر مەخلۇق بىلمەيدۇ:

قىيامەت شەكسىز يۈز بېرىدۇ، ھېچبىر بىر مەخلۇق ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قىيامەت كۈنىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر مەخلۇق بىلمەيدۇ، قىيامەت ئۇشتۇمتۇت بولىدۇ. قىيامەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت بولىدىغانلىقى ئىنساننى قىلمىشلىرىغا ھېساب بېرىشتىن قورقۇشقا ئىتتىرىدۇ. قىيامەت ۋاقتىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى ئىنساننىڭ

ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى يوسۇندا قىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

قىيامەت كۈنى سۈر چېلىش بىلەن باشلىنىدۇ. سۈرنىڭ چېلىنىشى دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقان-لىقىنىڭ سىگنالى.قىيامەت كۈنى باشلانغاندا كائىنات نىزامى پۈتۈن بۇزۇلىدۇ. شۇ چاغدا بۇ دۇنيادا ياشاش ئىمكانىيىتى پەقەت قالمايدۇ(تەكۋىر سۈرىسى،1-ئايەتتىن 8-ئايەتكىچە، قىيامەت سۈرىسى 1-ئايەتتىن 7- ئايەتكىچە قارالسۇن).

## ئىككىنچى: ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش:

ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش باسقۇچى باشلىنىدۇ:«(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ (دەسلەپتە) يارىتىلىشىڭلار، (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرۈلۈشىڭلار پەقەت بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى، بىر ئادەمنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشىگە ئوخشاشتۇر» (لوقمان، 28-ئايەت).

ئىنسانىنى دەسلەپتە ياراتقان زات يەنە تىرىلدۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر، ئاللاھقا نىسبەتەن يېڭىدىن يارىتىش بىلەن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر. ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز بۇ مەسىلە چۈشىنىشلىكتۇر.

ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشىمۇ سۈر چېلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. سۈرنىڭ چېلىنىشى كوللېكتىپ ئۆلۈمنىڭ ئېلانى، شۇنداقلا قايتىدىن كوللېكتىپ تىرىلىشنىڭ ئېلانىدۇر: «ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا (يەنى ئىسراپىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق چالغان سۈرنىلا) كۈتىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا سودا-سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) جاڭجاللىشىپ تۇرغان ھالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. سۈر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ. ئۇلار: «ۋاي ئىست! بىزنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمىزدىن (يەنى قەبرىمىزدىن)كىم ئويغاتتى؟» دەيدۇ

(چۈنكى ئۇلار ئىككى سۇر ئارىسىدا ئۇيقۇدا بولۇپ ئازابتىن خالى بولىدۇ)، (پەرىشتىلەر يا مۆمىنلەر ئۇنىڭغا جاۋابەن) «مېھرىبان ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغىنى مۇشۇ (كۈن)، پەيغەمبەرلەر راست ئېيتقان» دەيدۇ. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇزۇرىمىزغا ھازىر قىلىنىدۇ. ئۇ كۈندە ھېچبىر ئىنسانغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ» (ياسىن سۈرىسى، 49- 54-ئايەتلەر).

بۇ كۈندە قاتتىق قورقۇنچ باسىدۇ، چۈنكى بۇ ھەسرەت چېكىدىغان ۋە پۇشايمان قىلىدىغان كۈن:«ئۇ كۈندە ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ، خۇددى تىكلەپ قويغان بۇتلىرىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك (مەھشەرگاھقا) يۈگۈرىدۇ. ئۇلار (ئاللاھدىن ئۈيلىپ) يۇقىرى قارىيالمايدۇ، ئۇلارنى خورلۇق ئورىۋالىدۇ، ئەنە شۇ ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر» (مائارىج سۈرىسى، 42-44- ئايەت)

### ئۈچىنچى:مەھشەرگاھ مەيدانىدا توپلىنىش:

قايتا تىرىلگەندىن كېيىن خالايىقلارنىڭ ھەممىسى مەھشەرگاھ مەيدانىدا توپلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى

قورقۇنۇچلۇق مەيداندۇر. بۇ ھېساب بېرىدىغان كۈندە ھەممە ئادەم غەمگە چۆمىدۇ، پەيغەمبەرلەرمۇ ئى ئاللاھ ئامانلىق ئاتا قىلغايلا دەپلا تۇرىدۇ. بۇ ئايەتكە قاراڭ:«ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن (يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) مەھشەرگاھقا يىغىمىز، ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز. ئۇلار (يەنى جىمى خالايىق) سەپ-سەپ بولۇشۇپ پەرۋەردىگارىڭغا توغرىلىنىدۇ، (كاپىرلارغا) «سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا سىلەرنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالەتتە (مالسىز، بالىسىز، يالىڭاچ) كەلدىڭلار، بەلكى سىلەر، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ، دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر)» دەيمىز» (كەھف سۈرىسى، 47-ئايەت).

## تۆتىنچى:ھېساب ئېلىش، مىزان ۋە ئەمەللەر:

ھېسابتىن مەقسەت ئاللاھ ھەر بىر ئىنسانغا دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆزى بىلىدىغان يول ئارقىلىق كۆرسىتىپ قويىدۇ. ھېساب ئارقىلىق ئېسىل كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە گۇناھكار زالىملارنىڭ رەسۋالىقى پۈتۈن خالايىق ئالدىدا ئاشكارا بولىدۇ. ھېسابنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولىشى، ئاسان ياكى تەس بولىشى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۈرلۈك بولىدۇ.

ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىدىن ئادىل سوئال-سوراق بولىدۇ:«ئۇ كۈندە(يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)،ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا(مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك)ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ

قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر» (ئال ئىمران، 30-ئايەت).

يەنە:«قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتەلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز» (ئەنبىيا سۈرىسى، 47-ئايەت).

ئىنسانىنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكەتلىرى يېزىلغان خاتىرە بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىنىڭ ئاسىيلىق قىلغان ئەزالىرى ئېتىراپ قىلىشقا باشلايدۇ:«شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)» (ياسىن سۈرىسى، 65-ئايەت).

## بەشىنچى:پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش:

ھېساب بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. جەننەتكە مۇيەسسەر بولغان مۆمىنلەر بۇ كۆۋرۈكتىن تېزلىكتە ئىمانى ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ پەرقلىق بولۇش مىقدارىغا قاراپ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئازابقا تېگىشلىك بولغانلار بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەي دوزاخقا يىقىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز» (مەريەم سۈرىسى، 71، 72-ئايەتلەر).

قايسى ئادەم ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ كەتمەي توغرا يولدا ھايات كەچۈرسە، جەھەننەم ئۈستىگە سېلىنغان پىلسىرات كۆۋرۈكى كەڭرى بولىدۇ. كىم دۇنياغا دوم چۈشۈپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن ھالقىپ كېتىپ قالسا، پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۇ ئادەمگە تار بولىدۇ.

## ئالتىنچى: شاپائەت مەسىلىسى:

قۇرئان كەرىم شاپائەت قىلىش مەسىلىسىنى بەزى ئىنسانلارغا تار دائىرىدە ئىسپاتلىدى. قۇرئان كەرىم شاپائەتنىڭ قايسى تۈردىكى گۇناھلارغا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرمىدى، شاپائەت مەسىلىسىنى ئىخچام ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى. قۇرئان كەرىم شاپائەت مەسىلىسىدە ئەمەلىي مەسىلىنى نىشان قىلغان. كاپىرلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ ئاخىرەتتە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. مۇسۇلمانلاردىن ئىش-ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشىشنى ئىرادە قىلغان:«ئىنسان قانچىلىك ئىش-ھەرىكەت قىلسا، نەتىجىسى شۇنچىلىك كۆرىدۇ»(نەجم سۈرىسى، 39-ئايەت). بۇ ئايەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئىش-ھەرىكەت ۋە تىرىشچانلىققا ئىتتىرمەكتە.

شاپائەت قىلىش ئاللاھنىڭ خالىغان بەندىلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن بولغان بىر كۆرۈنۈشتۇر. شاپائەت تۈرلۈك شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھ خالىغان گۇناھكار ئاسىي مۇسۇلمانلارنىڭ

گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بۇيۇك شاپائەت قىلىش رۇخسىتىنى بېرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەھشەرگاھ مەيدانىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا قورقۇنچ بىلەن توشۇپ كەتكەن مەھشەرگاھ مەيدانىدا ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىش ۋە دەھشەتلىك قورقۇنچىدىن ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن شاپائەت قىلىدۇ. شۇنداقلا بىر بۆلەك ئادەملەرنىڭ جەننەتكە ھېسابسىز كىرىپ كېتىشىگە شاپائەت قىلىدۇ. ئاسىي گۇناھكار مۇسۇلمانلارنى دوزاختىن چىقىرىشتا پەيغەمبەرلەر، پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەرمۇ شاپائەت قىلىدۇ.

شاپائەت قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، شاپائەت قىلىش ھوقۇقى ئاللاھ رۇخسەت بەرگەن كىشىلەرگە خاس بولىدۇ:«بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن ئاللاھ رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ» (تاھا سۈرىسى، 109-ئايەت). شۇڭا شاپائەتكە ئېرىشىشتەي ساقلاپ ئولتۇرماي، ياخشى- ئىش -ھەرىكەتلەرنى داۋاملىق قىلىش لازىم.

## يەتتىنچى:.جەننەت ياكى دوزاخ:

ئىنسانلار بۇ دۇنيادا تۇرلۇك بولۇپ، ئىش-ھەرىكەتلىرى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى دوزاخ جازاسىغا ھەقلىق بولىدۇ. ياخشىلار مەڭگۈلۈك جەننەتكە، ناچارلار مەڭگۈلۈك دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمىلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ). ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ» (نەجم سۈرىسى، 39-ئايەت).

جەننەت بىلەن دوزاخ ماددىي نەرسىدۇر، جەننەتنىڭ نېمەتلىرىمۇ ھېسسىي ۋە ماددى بولۇپ، روھ بىلەن بەدەن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. دوزاخنىڭ ئازابىمۇ ھېسسىي ۋە ماددى بولۇپ روھ بىلەن بەدەن تەڭ جازالىنىدۇ. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى تۈگىمەس مەڭگۈلۈك نېمەتتۇر، دوزاخنىڭ ئازابلىرىمۇ تۈگىمەس ئازابتۇر.

## جەننەت:

قۇرئـان كەرىـم جەنـنەت ۋە جەنـنەت ئەھلىنىـڭ ناھـايىتى گـۈزەل سـۈپەتلىرى توغرىسـىدا كـۆپ توختالغـان:«ئۇلارنىـڭ سـەۋر-تـاقەتلىرى ئۈچـۈن ئـاللاھ ئۇلارنى جەننەت بىلەن ۋە (ئۇ يەردىكى) يىپەك (لىباسلار) بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئـۇلار جەننەتـتە تەخـتلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتـتە قـاتتىق ئىسسـىقنىمۇ، قـاتتىق سـوغۇقنىمۇ كۆرمەيـدۇ. جەننەتتىكـى (دەرەخلەرنىـڭ) سـايىلىرى ئۇلارغـا يېقىنـدۇر، جەننەتنىـڭ مېـۋىلىرىنى ئۈزۈش ئۇلارغا ئاسان قىلىنىدۇ. ئۇلارغا (تاماق قاچىلانغان) كۈمـۈش تەخسـىلەر، (مەي تولـدۇرۇلغان) كۈمۈشـتىن ياسالغان (شىشىدەك سۈزۈك) جاملار ئايلاندۇرۇپ سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، (ساقىيلار، ئۇلارنىـڭ ئېھتىياجىغا قـاراپ) لايىق ئۆلچەيدۇ (يەنى ئىچكۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپمۇ قالمايدۇ، كېمىيىپمۇ قالمايدۇ. ئۇلار يەنە جەننەتتە زەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇلغان جام بىلەن (يەنى جامدىكى مەي بىلەن) سۇغىرىلىدۇ. جەننەتـتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار. قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئـۇلارنى

كۆرگەن چېغىڭدا (ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلۈكى ۋە نۇرلۇقلىقىغا قاراپ) ئۇلارنى تېرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن(تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى» (ئىنسان سۈرىسى، 12-22-ئايەتلەر).

يەنە:«شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە جەننەت ئەھلىلىرى نېمەت ئىچىدىدۇر. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جۈپتلىرى (جەننەتلەرنىڭ) سايىلىرى ئاستىدا تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا تۇرىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (تۈرلۈك) مېۋىلەر بار، ئۇلار ئۈچۈن جەننەتتە (ئۇلارنىڭ) كۆڭلى تارتقان نەرسىلەر بولىدۇ. مېھرىبان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن (ئۇلارغا) سالام دېيىلىدۇ» (ياسىن سۈرىسى، 55-56-ئايەتلەر).

## دوزاخ:

قۇرئـان كـەرىـم شـۇنداقلا دوزاخ ۋە دوزاخ ئەھلىنىڭ دەھشەتلىك قەبىھ سۈپەتلىرى توغرىسىدىمۇ كۆپ توختالغان:«كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ (ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن) جانلىرى ئېلىنمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ، كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر ئىنساننى ئەنە شۇنداق جازالايمىز. ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقىتتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. (ئاللاھ ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز-نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى(يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق» (فاتىر سۈرىسى، 36-37-ئايەت).

يەنە:«پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغانلارمۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ

(ئېشــەك ھاڭرىغاندەك)ســەت ئــاۋازىنى ئاڭلايــدۇ. دوزاخ غەزەپتىن پارچىلىنىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. دوزاخقا ھەر قاچان بىر توپ ئادەم تاشلانغان چاغدا، دوزاخقا مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلاردىن:«سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلمىگەنمىدى؟» دەپ سورايدۇ» (مۇلك سۈرىسى، 6ـ8ـئايەتلەر).

يەنە:«كاپىرلار:«بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»دەيدۇ. ئەگەر زالىملارنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدا بەزىسى بەزىسى بىلەن جېدەللىشىۋاتقاندا كۆرسەڭ ئىدىڭ (ئەلۋەتتە قورقۇنچلۇق ھالىنى كۆرەتتىڭ)، بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا:«ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق» دەيدۇ. چوڭچىلىق قىلغانلار بوزەك قىلىنغانلارغا:«سىلەرگە ھىدايەت كەلگەندىن كېيىن بىز سىلەرنى ئۇنىڭدىن توستۇقمۇ؟ ھەرگىز توسمىدۇق، سىلەر ئۆزۈڭلار گۇناھ قىلغۇچى بولدۇڭلار»دەيدۇ. بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە كېچە-كۈندۈز قىلغان ھىيلە-مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن

تۇستى)، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىڭلار»دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار (ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كاپىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ» (سەبە سۈرىسى، 31ـ33ـئايەتلەر).

مانا بۇلار قىيامەت توغرىسىدا مۇسۇلمان كىشى كەسكىن ئېتىقاد قىلىشقا تېگىشلىك غەيبى ھەقىقەتلەردۇر. ئاللاھقا بولغان ئىمان بۇ غەيبى ھەقىقەتلەردىن ئايرىلىپ قالسا توغرا بولمايدۇ. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن قىيامەتكە ئىمان كەلتۈرۈش بىر-بىرىدىن پەقەت ئايرىلمايدۇ.

# خاتىمە

ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنى زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دەۋر ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ھالدا تەقدىم قىلىشنى توغرا تاپتىم. شۇ سەۋەبتىن شىددەت بىلەن خىرس ۋە كىرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقان ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالىملار ئارىسىدا بىر قانچە خىل كۆز-قاراش پەيدا بولغان تارماق مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدەنمىدىم. چۈنكى ئەقىدىنىڭ ئاساسى ۋە ماھىيىتىنى ساغلام چۈشىنىشتىن مەھرۇم قېلىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا تارماق مەسىلىلەرنى قوزغاپ چىقىش پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ئەقىدە ئاساسلىرىنى قۇرئان كەرىم ئاساسىدا تونۇشتۇردۇم.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنى ئەقىدە قۇرۇلمىسىدا ئىنساننىڭ قەلبى ۋە ئەقلىگە تەڭ خىتاب قىلىدۇ، تۇيغۇ ۋە پىكىرىنى قوزغايدۇ، ئەقلى ئويغىنىش بىلەن بىرلىكتە مەنىۋى سىلكىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرى مۇسۇلماننىڭ ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى

بىرلەشتۇرىدۇ، قەلبلەر ئارىسىنى يېقىنلاشتۇرىدۇ، غايىلەرنى بىرلەشتۇرىدۇ، ئەقىل ۋە قەلبلەرنى ئويغىتىدۇ، قۇرئاننىڭ ئەقىدىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت ئەسلى مەقسىتىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەقىدە كىتاۋى ئەقىلنى ئويغىتىپ، يۈرەكنى تىترىتەلىسە ياكى ئويغىتالىسا ئۇنۇمسىز نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەقىدە ساھەسىدە ئەمەلىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق ئەقلى ئىسراپچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقتىمىز يوق. بىز بۈگۈنكى زاماندا ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرىنى  بىلىشكە ۋە قوغداشقا بەك ئېھتىياجلىق. بۈگۈنكى كۈندە ئىدىيە ۋە تۇيغۇ بىرلىكىگە بەك مۇھتاجمىز. شۇنداقلا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئېقىملارنىڭ قاراشلىرىنى ئىزدىنىش ۋە بىلىشكىمۇ ئېھتىياجىمىز يوق. ئەسلى غايىسىنى يوقىتىپ بىكىنمە ھالەتكە كىرىپ قالغان ئىلمى كالامنىڭ قاراشلىرىنى ئەقىدە ئاساسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكىمۇ ئېھتىياجىمىز يوق. بۈگۈنكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئەقىدىنى دەۋر تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ۋە دەۋرنىڭ دىنسىزلاشتۇرۇش

كىرىزىسلىرىغا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا مۇھتاجمىز. ئەقىدىنىڭ ساپ جەۋھەرلىرى، مەقسەتلىرى ۋە ئاساسلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجىمىز بار. بۈگۈنكى دۇنيادا ياراتقۇچىغا ئىخلاس بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئىمانغا ۋە ھاياتقا قارىتا ئىش-ھەرىكەت بىلەن باغلايدىغان ئەقىدىگە مۇھتاجمىز، چۈنكى ئىش-ھەرىكەت ئىماننىڭ ئاساسىدۇر.

جەمئىيىتىمىزدىكى رېئاللىققا نەزەر تاشلىساق بىر قىسىم مۇسۇلمانلار -ھەتتا دىندا ئوقۇغانلىرىمۇ- ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىنى بىلمەيۋاتىدۇ، بىلسىمۇ ھاياتى ۋە ئىستىلىدا ئەقىدىنىڭ تەسىرى كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا زىيان يەتكۈزىۋاتىدۇ، ساتقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، قۇرئان ئەقىدىسى كۆرسەتكەن دوستنىڭ كىملىكىنى بىلمەيۋاتىدۇ... مانا بۇ دەل ساغلام ئەقىدىنىڭ يوقلىقى ياكى ئاجىزلىقى ياكى خۇنۇكلىكى ياكى بولمىسا ئىدىيىسىنىڭ بۇزۇقلىقىدۇر.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەقىدە ئىسلام قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىدۇر، ساغلام ئەقىدە ئاساسىغا

قۇرۇلمىغان قايسى بىر ئىش بولسۇن قىممەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. "ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانىي ئەلدۇر"...

مۇھتەرەم ئوقۇرمەن قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىسلام ئەقىدىسى توغرىسىدىكى بىرىنچى كىتاب. ئەقىدە توغرىسىدىكى ئىككىنچى كىتاب ئاللاھ خالىسا «ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى»دېگەن ئىسىمدا نەشىر قىلىنىدۇ.

«قۇرئاندىكى ئەقىدە ئاساسلىرى»دېگەن تېمىنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ بىزگە ھىدايەت، ئىخلاس، مۇۋەپپەقىيەت، مەنپەئەتلىك بىلىم-مەرىپەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى نىسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن. شۇنداقلا بىزنى ئازغۇنلۇق، پاسىقلىق، ئاسىيلىق، خائىنلىق ۋە نادانلىقتىن ساقلىشىنى سورايمەن.

توغرا قىلغان بولسام ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىدۇر، خاتا كەتكەن جايلىرى بولسا مېنىڭ سەۋەنلىكىمدۇر. مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىشكە تېگىشلىك نۇقتىلاردا قىممەتلىك ئىلمىي پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## المراجع- پايدىلانغان كىتابلار:

1.القرآن الكريم وتفاسيرها

2.العقيدة الإسلامية وأسسها- الشيخ عبدالرحمن حبنكة

3.العقيدة فى القرآن الكريم- د. عبدالستار فتح الله

4.أصول العقيدة الإسلامية- عبد المنعم صالح العزي

5. شرح أصول العقيدة الإسلامية- د.نسيم ياسين

6.أصول العقيدة الإسلامية- د.محمود الرضواني

7. فى سلسلة العقيدة- د.سليمان الأشقر

8. شرح أسماء الله الحسني- د.راتب النابليسى

9. فصول فى العقيدة- د. يوسف القرضاوي

10. شرح العقيدة الطحاوية- أبى العز الحنفي

11. مقاصد القرآن - د.عبدالكريم حامدي

12.عقيدة المسلم- الشيخ محمد الغزالي

13. النبوات- د. فرج الله عبدالبارى

14.معالم المنهج القرآني- د.طه جابر العلواني

15. محاولة لفهم القرآن- د. جاسم سلطان.

16.الكليات الأساسية للشريعة- د.أحمد الريسوني

17. معالم المنهج الإسلامي- د. محمد عمارة.

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە**.......................................................2

ئەقىدە ۋە ئىزباسارلىق.........................................7

ئەقىدىنىڭ تەسىرى........................................ 11

قۇرئاننىڭ ئەقىدە بايان قىلىشتىكى ئالاھىدىلىكى 15

**ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش توغرىسىدا**...............20

ئاللاھنىڭ بارلىقى .......................................... 20

تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ماھىيىتى..........................25

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى..................34

**تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش مەسىلىسى**......... 51

تەقدىر توغرىسىدا بىر قانچە ھەقىقەتلەر.................54

**پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر توغرىسىدا**............. 70

پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتى........... 70

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى................................74

پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى..............................78
پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇرئاندىكى ئىسىملىرى............. 85
پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىق پاكىتلىرى........... 87
**ۋەھيي ۋە ساماۋى كىتابلار**.............................. 92
ۋەھيي توغرىسىدا.............................................. 92
ۋەھيىنىڭ مەنىسى.......................................... 94
ۋەھيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى..............................97
**ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش**..... 102
تەۋرات................................................... 102
ئىنجىل...................................................... 104
ساماۋى كىتابلارغا قۇرئاننىڭ يەكۈنى.................. 108
قۇرئان كەرىم................................................. 112
**پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش**..................... 123
**جىنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش**.................. 130

ئىبلىس ۋە شەيتانلار........................................ 135

**قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش** ......................... 142

قىيامەت كۈنىنىڭ بار ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتلىرى 145

قىيامەت كۈنىنىڭ تەپسىلاتى............................ 153

1.ئۆلۈم........................................................ 154

2.قەبرە ھاياتى................................................ 155

3. قىيامەتنىڭ بەلگىلىرى................................ 156

قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش جەرياني......................... 159

1. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھىن باشقىسى......... 159

2.ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تېرىلىش..................... 160

3.مەھشەرگاھ مەيدانىدا توپلىنىش...................... 162

4.ھېساب ئېلىش................................................ 164

5. پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش....................... 166

6. شاپائەت مەسىلىسى ..................................... 167

7.جەننەت ياكى دوزاخ........................................ 169
**خاتىمە**........................................................ 175
پايدىلىنغان كىتابلار......................................... 179
مۇندەرىجە........................................................ 181